
# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(50)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى



# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

50 ـ سان

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

| | |
|---|---|
| مەسلىھەتچى: | ئايۇپ تېيىپ |
| تەھرىر ھەيئىتى مۇدىرى | ۋاھاب ئازامەت |
| تەھرىر ھەيئىتى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: | ئابدۇقاي مەجىن، ليۇ چاڭمىڭ لى ۋېيچېڭ، ئەي جىڭشۇن |
| تەھرىر ھەيئەتلىرى: | ۋاھاب ئازامەت، ئابدۇقاي مەجىن، ليۇ چاڭمىڭ، لى ۋېيچېڭ، ئەي جىڭشۇن، ئەركىن ئىبراھىم، قاباي ماتاي، تاڭ يىگەي، ياڭ نەيچۈ، سۇي شۇجيې، تۇنا، تۇرغۇن ئۆمەر |
| ماقالە بېكىتكۈچى: | ۋاھاب ئازامەت، ئەي جىڭشۇن |

| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر: | تۇرغۇن ئۆمەر |
| مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: | گو شياۋلىن |
| مۇھەررىرلەر: | شاڭ لى، جەزىرە مۇقامەتۇللا، لى يۇنلۇ |
| جاۋابكار مۇھەررىر، كوررېكتور: | تۇرغۇن ئۆمەر، تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز (تەكلىپلىك) |

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (50)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يېكەنكۆل يولى 135 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063

---

ئۈرۈمچى شىنشىي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
132 مىڭ خەت، چوڭ 32 فورمات، باسما تاۋاق 8
2008 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېسىلدى
تىرازى: 1 ~ 1200
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

---

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2008) 252


# مۇندەرىجە


مەن 1949 ـ يىلى تيەنئەنمېن راۋىقىدا دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان ………… غوجى ئەخمەت ئابلايوف (1)

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ……… چى ۋېنلى (18)

قوماندان ۋاڭ جېنغا رۇس تىلى تەرجىمانى بولغان كۈنلەر ……………………………… شۇ مۇتۇڭ (65)

50 ـ يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بانكا خىزمىتى توغرىسىدا ئەسلىمە ……………………………… (90)

قەشقەردىكى «بەشكە قارشى» ھەرىكەت توغرىسىدا ئەسلىمە ……………………………… نيۇ چىيى (127)

باشئەگىم دىيارىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى سانىيە قادىر توغرىسىدا ……………………… ئىسمائىل ئاپپاق (140)

1962 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بورتالادا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ……………………… قۇربان داۋۇت (156)

ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق ھاياتى ……………………………… ئەكبەر قادىر (164)

ئىلىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كىنو ئىشلىرى توغرىسىدا ……………………… خەپىز ساتتار سالىھ (184)

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنقىلابىي ھاياتىم ۋە كەچۈرمىشلىرىم ………………… ئابدۇللا تۆمۈر (193)

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ..........
.......................................... ز. ئى. كازىم (215)
غۇلجا تېببىي مەكتەپنىڭ بارلىققا كېلىشى ..........
.......................................... ئە. سەئىدى (227)
چۆلگە ئاققان شەربەت........ يۈسۈپجان ئەيسا (235)



# مەن 1949 - يىلى تيەنئەنمېن راۋىقىدا دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان

غوجى ئەخمەت ئابلايوف

1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ بېيجىڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەن ئەينى چاغدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كاتىپى بولۇپ شەرەپ بىلەن تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان.

ئايلار يىللارنى قوغلاپ 57 يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئەشۇ چاغدىكى مەنزىرىلەر ھېلى بولغاندەكلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

مەن 1927 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. كېيىن ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا 1944- يىلى شىنجاڭ ساقچىلار مەكتىپىنىڭ تەرجىمانلىق سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇدۇم. ئەينى چاغدا دادام ئابلا ئاخۇن غۇلجا، تارباغاتاي تەرەپلەردە تىجارەت قىلاتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مېنى يېنىغا كېلىپ تىجارەتكە ياردەم بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن شۇ يىلى 12 - ئايدا غۇلجىغا بېرىپ

غۇلجا، قورغاس تەرەپلەردىكى تۇغقانلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي دادام قازا قىلىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى قورغاسنى ئازاد قىلدى. 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە خىزمەت قىلىدىغان تۇغقىنىم مىرزا ئەخمەت مېنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپلىق قىلىشقا تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان بولدۇم. كېيىنچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سۈيدۈڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆكۈمەت، سوت، ساقچى قاتارلىق ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلدىم. شۇ چاغلاردا مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىلىشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلى ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسىدا رازۋېدچىك بولۇپ ئىشلىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1949 - يىلى يازدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈن موسكۋادىن قايتىشىدا ئالمائاتا ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىپ ماۋجۇشىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىنى ئالغاچ كەلگەن ئىكەن. ماۋجۇشى خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلغان ئىكەن ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئىكەن.

شۇ يىلى، ئېھتىمال 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بولۇشى مۇمكىن. ئىلى ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەبىجان مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان شىبە مىللىتىدىن بولغان دې لىن ئىككىمىزنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ بىزگە «مۇھىم ۋەزىپە بار، ئىككىڭلار كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭلار» دېدى. ئۇ يەنە بىزگە ساقچى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ كاستۇم - بۇرۇلكا



كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىۋېلىشىمىزنى، بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشىمىزنى تاپىلىدى. مەن ناھايىتى ھەيران قالدىم. بىز نەبىجاننىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ بىزگە ئىش ئورۇنلاشتۇرماي ئۆيىدە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قوندۇق. ئەتىسى ئۇ كەلگەندە بىز ئۇنىڭ گۇللۇكىدە پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىدۇق. ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىشى بىلەن تەڭ بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتتى. بىز ئۇنىڭ «ئايروپىلان كېلىپ بوپتۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدۇق. بىراق، ئۇ ئايروپىلان نەدىن كەلدى، نەگە باردۇ، ئېيتىپ بەرمىدى. ئۇ بىزنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى لېسكىننىڭ ئۆيىگە ئايرىم - ئايرىم بېرىشىمىزنى تاپىلىدى. دې لىن ئالدىدا، مەن كەينىدە مۇئەييەن ئارىلىق قويۇپ پىيادە لېسكىننىڭ ئۆيىگە باردۇق. لېسكىننىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىز بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنىڭ كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر چوڭ ماشىنىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ كۆردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن نەبىجان بىزنى مېھمانخانىغا باشلىدى. بىز مېھمانخانىدا سەيپىدىن ئەزىزى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالىمجان، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن يەر ئاستى تەشكىلات «كۈرەش گېزىتى» نىڭ ئەزاسى تۇجى قاتارلىقلارنى كۆردۇق. نەبىجان بىزگە: «ھازىردىن باشلاپ سىلەر باشلىقلار بىلەن بىرگە بولىسىلەر» دېدى. ئاندىن سەيپىدىن ئەزىزگە بىزنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇلارنىڭ بىرسى سىزنىڭ تەرجىمانىڭىز، بىرسى كاتىپىڭىز بولىدۇ» دېدى. مەن شۇ چاغدىلا سەيپىدىن ئەزىزگە كاتىپ بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇم. لېكىن نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلمىدىم. گۇگۇم چۈشۈشتىن بۇرۇن

بىزنى ھېلىقى قارا ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى. بىز بېشىمىزنى لۆڭگە بىلەن ئوراپ كوزۇپ ئىچىدە قىمىر قىلماي ئولتۇردۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن غۇلجا ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا ئۇدۇللا ئايروپىلاننىڭ ئاستىغىچە كەلدى. بىز ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى لىسوفنى كۆردۇق. ئۇ: «مەن ستالىننىڭ ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سىلەرنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا مەسئۇل بولۇپ كەلدىم» دېدى.

بىز ماشىنىدىكى نەرسىلەرنى چۈشۈرۈپ ئايروپىلانغا قاچىلىدۇق. بىردەمدىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئايروپىلانغا چىقتى. ئايروپىلان ئىچى كاتتا بېزەلگەنىكەن. سوۋېت تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مولوتوفنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى ئىكەن. ئايروپىلاندا سەيپىدىن ئەزىزى بىزگە: «بېيجىڭغا بارىمىز» دېدى. بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ مەن بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ مەن ئارزۇ قىلىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە تۇرىدىغان جاي ئىدى. ئايروپىلان ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا توساتتىن ھاۋا بۇزۇلۇپ تۇمان پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا بوران چىقىپ قۇم - شېغىللار ئايروپىلان دېرىزىسىگە ئۇرۇلغىلى تۇردى. سەيپىدىن ئەزىزى بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن «ئەتە ماڭايلى» دەپ قايتىپ كەتتى. بىز ئايروپىلاندا قالدۇق.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 6 بىلەن بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان غۇلجا ئايرودرومىدىن ئۇچتى. تاڭ يورۇشى بىلەن قۇياش نۇرى دېرىزە ئەينىكىنى چاقنىتىشقا باشلىدى. بىز كۆك ئاسماننى، ئاپئاق بۇلۇتلارنى، تاغ



- دەريالارنى كۆردۇق. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشۇم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭغا بىرىنچى قېتىم بېرىشىم بولغاچقا كۆڭلۈم بەك خۇشال ئىدى. بىراق سەيپىدىن ئەزىزى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى. بىز: «باشلىق، نېمە بولدى؟» دەپ سورىدۇق. سەيپىدىن ئەزىزى بېشىنى ئاستاغىنە چايقاپ قويۇپ: «بىزنىڭ داھىمىز ئەخمەتجان قاسىمى قۇربان بولدى!» دېدى ئېچىنىشلىق ئاۋازدا. «نېمە؟» بىز ھەيران قالدۇق. ئۇ: «ماۋجۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ئادەم ئەۋەتىپ قاتنىشىشنى تەكلىپ قىپتىكەن. بىزنىڭ ۋەكىلىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، لوجى قاتارلىق 7 نەپەر يولداش ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قازا قىلدى. بىز ھازىر ئۇلارنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا چىقتۇق» دېدى. ئەسلىدە «22 - ئاۋغۇست» ۋەقەسىدىن كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدىن ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى قارار قىلغان ئىكەن. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆمەك باشلىقى، ئالىمجان بىلەن تۇجى ئۆمەك ئەزاسى ئىكەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن مېنى كاتىپ، دې لىننى تەرجىمان قىلىپ بەلگىلەپتىكەن. ئايروپىلان ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. ھەممەيلەن كۆز يېشى قىلىشتۇق. مەن مۇشۇ چاغدا بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى ئاندىن چۈشەنگەن بولدۇم. بىر تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرسام، يەنە بىر تەرەپتىن زىممىمىزگە ئالغان ۋەزىپىدىن خۇشال بولدۇم.

ئايروپىلان بىر سائەتتىن كۆپرەك ئۇچقاندىن كېيىن ئالما-ئاتا ئايروپورتىغا قوندى. بىز چىملىقتا ئەتىگەنلىك تاماق يېدۇق. يەنە 10 نەچچە سائەت ئۇچقاندىن كېيىن سىبىرىيىنىڭ چىتا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىن سوۋېت تەرەپ بەلگىلىگەن مەخسۇس پويىز بىلەن يولغا چىقتۇق. يولداش لىسۇف شەرقىي شىمالغا كەلگۈچە بىزگە ھەمراھ بولدى. پويىز شەرقىي شىمالغا كەلگەندە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس ئەۋەتكەن يولداشلار، يەرلىكتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئامما يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. يولداش لىسوف شۇ يەردىن قايتىپ كەتتى. سەيپىدىن ئەزىزى ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر دانە ئالتۇن قەلەم تەقدىم قىلدى. 13 ـ چېسلا شېنياڭغا كەلدۇق. شەرقىي شىمالدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن ۋۇشيۇچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. شېنياڭدا بىر كۈن ئارام ئېلىپ، شەھەر مەنزىرىسى، داڭلىق ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. كەچتە شەرقىي شىمال ھەربىي كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن گاۋگاڭ، لى فۇچۈن قاتارلىق يولداشلار كەچلىك زىياپەت بەردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ: «بېيجىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىللەرنى ساقلاۋاتىدۇ» دېدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىز بېيجىڭ ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدۇق. يېڭى بىر نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى لىن بوچۇ ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرى، يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن باشقا ئاز سانلىق مىللەت



ۋەكىللىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. لىن بوچۇ پويىزغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە «ئاخىرى يېتىپ كەلدىڭلار، تەييارلىق خىزمىتى ئاخىرلاشتى، ماۋجۇشى سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ، كۆپچىلىك سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ» دېدى. بىز ماشىنا بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى چۈشىدىغان مېھمانخانىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يىغىن تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش چى يەنمىڭ مېھمانخانىغا كېلىپ مۇئاۋىن رەئىس جۇ ئېنلەينىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە: «ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە يولداش جۇ ئېنلەي سىلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ» دېدى.

سائەت دەل 5 تە ماشىنا بىزنى يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئەكەلدى. ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان يولداش چى يەنمىڭ قوبۇلخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەن بىر يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن قول ئۇزىتىپ: «سىز يولداش سەيپىدىن بولامسىز؟ ياخشىمۇسىز؟ مەن جۇ ئېنلەي بولىمەن» دېدى. سەيپىدىن ئەزىزى ۋە بىز بىر قانچىمىز ئالدىمىزدىكى بۇ ئاددىي كىيىنگەن ۋە ئاددىي خىزمەتچىدىن پەرقى يوق كىشىنىڭ جۇ ئېنلەي ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ دەرھال ئورنىمىزدىن تۇردۇق. يولداش جۇ ئېنلەي ھەممىمىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئىشنى تىلغا ئېلىپ بۇ بىر كېلىشمەسلىككە چوڭقۇر قايغۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ماۋزېدۇڭ، جۇدې، ليۇشاۋچى قاتارلىق مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلار قاتتىق قايغۇردۇق. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان چوڭ

بىر يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى
ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش بولدى. سىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابى-
ئاتلىرىدىن بىزگە ۋاكالىتەن هال سوراپ قويۇڭلار» . ئۇ سەيپىد-
دىن ئەزىزى بىلەن سەمىمىي سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئا-
لىمجان، تۇجىلار بىلەنمۇ سەمىمىي سۆزلەشتى. ئۇ يەنە خىزمەت-
چى خادىملاردىن دې لىن ۋە مەن بىلەنمۇ سەمىمىي سۆزلەشتى.
جۇ ئېنلەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداشلار ئىچىدە مېنىڭ ئەڭ
كىچىكلىكىمنى كۆرۈپ: «سىز ھەقىقەتەن ياش ئىكەنسىز» دې-
دى. ئۇنىڭ ئاددەمگە يېقىملىقلىقى بىز ھەممىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ
زاتقا بولغان ئىززەت - هۆرمىتىمىزنى ئاشۇرۇۋەتتى.
سائەت 6 بولغاندا كۈتۈۋېلىش زىياپىتى باشلاندى. بىز ۋە
باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى كۈتۈۋېلىش زالىغا كەل-
دۇق. يولداش جۇ ئېنلەي بىز شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى
يولداشلارنى باشقا ۋەكىللەرگە تونۇشتۇردى. ئاندىن كۆپچىلىكنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. جۇ ئېنلەي، ۋۇ لەنفۇ، سەيپىدىن
ئەزىزىلەر بىر شىرەدە ئولتۇردى. زىياپەت داۋامىدا يولداش جۇ
ئېنلەي بىر قانچە قېتىم شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن
كۆتۈرەيلى دېدى. زىياپەت ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق داۋاملاش-
تى. كەيپىيات شۇنچە قىزغىن، شۇنچە يېقىملىق بولدى. مې-
نىڭ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇ بولدىكى، ئۆمرۈمدە بۇنداق
كاتتا زىياپەتكە قاتنىشىپ باقمىغاچقا، قورۇنۇپ، تەمتىرەپ قال-
دىم بولغاي، چوكىنىمۇ تۈزۈك تۇتالماي، قورۇمىلارنىمۇ قى-
سالمىدىم. بۇنى يولداش جۇ ئېنلەي كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ ئاتايىن
يېنىمغا كېلىپ چوكىنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگەتتى، ماڭا قورۇما
ئېلىپ بەردى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا يولداش جۇ ئېنلەي سەيپىد-
دىن ئەزىزىگە: «ئەتە، يەنى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماۋجۇشى



شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ» دېدى.
بىز 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىنىڭ كېلىشىنى، بۇرۇنراق
ماۋجۇشىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقىنىمىزدا ئويلىمىغان يەردە
ماۋجۇشى بىز بىلەن كۆرۈشتى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى
جۇڭنەنخەيدە ۋەكىللەرگە «ياۋا چوشقىزارلىق» دېگەن تىياتىرنى
قويۇپ بەردى. بىز شىنجاڭلىق ۋەكىللەرنى ئالدىنقى رەتنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. دې لىن تەرجىمە قىلىپ بې-
رىۋاتاتتى. ئارىلىقتا ئارام ئالىدىغان چاغدا تۇيۇقسىز يولداش
جۇ ئېنلەي ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. بىز خۇشاللىقىمىز-
دىن ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق. ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلى-
شىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزىگە: «سىلەر
سەھنىنىڭ بۇ چېتىغا كېلىڭلار» دېدى. بىز سەھنىنىڭ بىر
چېتىغا بارساق بىر ئىشىك ئېچىلىپ بىر قانچە كىشى چىقىپ
كەلدى. مەن ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەچكە بىر قاراپلا
ماۋجۇشىنى تونۇۋالدىم. بىز ھەممىمىز هاياجان ئىچىدە ئولۇ-
شۇپلا باردۇق. ماۋجۇشى: «ياخشىمۇسىزلەر؟ جاپا چەكتىڭلار!
» دېدى. جۇ ئېنلەي ھەممىمىزنى بىردىن - بىردىن ماۋجۇشىغا
تونۇشتۇردى. ماۋجۇشى ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈ-
شۈپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەل مۇشۇ چاغدا زال
ئىچىدىكى چىراغ بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقان
ۋەكىللەر ماۋجۇشىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇپ كېتىشتى. ئەسلىدە ماۋجۇشى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى-
دىكى يولداشلارنىڭ ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئال-
دىن چىقىپ كۆرۈشۈپ قويۇشنى قارار قىلغان ئىكەن. بۇ مې-
نىڭ ئۆمرۈمدە ماۋجۇشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا
ئاجايىپ هاياجانلىنىپ كەتتىم.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز شىنجاڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق يولداشلار جۇڭنەنخەيگە باردۇق.
ماۋجۇشى فېڭزېيۈەندە بىزنى قوبۇل قىلماقچىكەن. بىزمۇ ئويلى-
مىغانىكەنمىز. بارساق ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، لىيۇشى-
ياۋچى، جۇ ئېنلەي، لىن بوچۇ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي
يولداشلار ئىشىك ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. زالغا كىرگەن-
دىن كېيىن تېخى ئولتۇرماستىنلا ماۋجۇشى قايغۇ بىلەن:
«ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللىرى سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش سەپىرىدە بەخ-
تىمىزگە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. بۇ
بىر ئېچىنىشلىق ئىش بولدى. بۇ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان
يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگىمۇ ئېغىر
يوقىتىش بولدى. بىز ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈر-
مىز» دېدى. كۆپچىلىك سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن
كېيىن ئاندىن ئولتۇرۇشۇپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.
ماۋجۇشى ۋە باش قوماندان جۇدې قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبى-
رىي يولداشلار شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداشلارنى قىز-
غىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. سەيپىدىن ئەزىزى
يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، ئاباسوف قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇر-
بانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇر-
دى. سەيپىدىن ئەزىزى ماۋجۇشىغا مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ، ماۋجۇشىنىڭ بىزنى سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشى شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى، مەن شىنجاڭ خەلقى-
گە ۋاكالىتەن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىزنىڭ
بۇنداق ئۇلۇغ دەۋر خاراكتېرلىك يىغىنغا قاتناشقانلىقىمىز،



جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇ-
رۇلغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز بىز ئۈچۈن
چوڭ شەرەپ».

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى باش قوماندان
جۇدې بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا كېلىپ سەيپىدىن ئەزىزى بى-
لەن 2 سائەتتەك سۆھبەتلەشتى. ئۇ بىزگە جۇڭگو خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش داۋامىدا
قوشقان تۆھپىسىنى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق گېنې-
راللىرىنى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان
باش قوماندان ۋاڭ جېننى ئالاھىدە تونۇشتۇردى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - يىغىنى
جۇڭنەنخەينىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئېچىلدى. ماۋجۇشى، باش
قوماندان جۇدې رەئىس سەھنىسىگە چىققاندا پۈتۈن ۋەكىللەر
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇنغىچە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى ۋە
شوئار توۋلىدى. يولداش جۇ ئېنلەي يىغىننىڭ تەييارلىق ئەھۋا-
لىدىن دوكلات بەردى. يىغىن رەئىسلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى
ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ماقۇللى-
شىغا ئېرىشتى. سەيپىدىن ئەزىزى رەئىسلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالى-
قىغا سايلىنىپ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. جۇدې يى-
غىننىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى، مۇزىكا ئەترىتى
«پىدائىيلار مارشى» نى ئورۇندىدى. سىرتتا 40 پاي ھۆرمەت
توپى ئېتىلدى.

يىغىننىڭ 2 - كۈنى يىغىن زالىدا كىشىنى ھاياجانغا
سالىدىغان بىر مەنزىرە بارلىققا كەلدى. يەنى سەيپىدىن ئەزىزى
ماۋجۇشىغا ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسى ۋە تونىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ

ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىگە دوپپا، تون
تەقدىم قىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادىتىنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن،
ماۋجۇشىدىن شىنجاڭ خەلقى تۇتقان بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلىش-
نى ئۆتۈندى. ماۋجۇشى سەيپىدىن ئەزىزى تۇتقان دوپپا، تونىنى
كىيگەندىن كېيىن پۈتۈن مەيداندىكى گۈلدۇراس چاۋاك تاكى
سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغىچە داۋاملاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ۋەكىللەر
ئۆمىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا
ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەت يېزىلغان لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. مەن
بۇ لەۋھەنى ئۆز قولۇم بىلەن سەھنىگە ئەپچىقىپ بەردىم.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇ ئېنلەي بىز شىنجاڭ ۋەكىللەر
ئۆمىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى،
ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ئازاد بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئارقىدىنلا پۈتۈن
يىغىن ئەھلىگە يەتكۈزدى. ۋەكىللەر ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ
ئالقىش ياڭراتتى. بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرىمۇ ھاياجىنىمىزنى
باسالماي قالدۇق.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يىغىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى
ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 يېرىمدا چوڭ يىغىن باشلان-
دى. ئالدى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ
ئىسىملىكى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ماۋجۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
بىردەك ماقۇللاندى. ئاخىرىدا نامسىز بىلەت تاشلاش چارىسى
ئارقىلىق سايلام ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن ئارام ئېلىش ۋاقتىدا
ۋەكىللەر تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارى-
نىڭ ئۇل بېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق. مۇراسىم ئاخىرلاش-
قاندىن كېيىن يىغىن زالىغا قايتىپ كەلدۇق. يولداش ليۇشياۋ-



چى سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ليۇشياۋچى يولداش ماۋزې-
دۇڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمە-
تىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا پۈتۈن مەي-
داندا ئۇزۇنغىچە گۈلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى. ئارقىدىن جۇدې،
ليۇشياۋچى، سۇڭ چىڭلىڭ، جاڭ لەن، لى جىشېن، گاۋگاڭ-
لارنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. زال
يەنە بىر قېتىم ئالقىش ساداسىغا تولدى. يىغىن يەنە مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 63 نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. سەيپى-
دىن ئەزىزى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا، قوشۇمچە دۆ-
لەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلان-
دى.

ئەتىسى بىرىگە 1 ـ ئۆكتەبىردىكى دۆلەت قۇرۇش مۇراسى-
مىغا قاتنىشىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. دې لىن بىلەن ئىككى-
مىز شۇنچە ياش تۇرۇپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ كاتتا مۇراسىمىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكى-
مىزدىن تولىمۇ خۇشال بولۇشتۇق.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە پۈتكۈل بېيجىڭ شەھىرى
قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئەتىگەندىلا تۇمەنلىگەن ئاممىا تيەن-
ئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىنىڭ باشلى-
نىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى
2 يېرىمدا مەن سەيپىدىن ئەزىزگە ئەگىشىپ باشقا ۋەكىللەر
بىلەن بىرگە تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ راۋاقنىڭ بىر تەرىپىدە
تۇردۇق. راۋاقتىن قارىغاندا مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان
بولۇپ بايراقلار لەپىلدەيتتى. كىشىلەر داقا ـ دۇمباق چېلىشىپ
تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 3 بولغاندا ماۋجۇ-
شى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى راۋاققا چىقتى. پۈتۈن مەيدان-

دىكى قاينام - تاشقىنلىق يەنە بىر بالداق يۇقىرى دولقۇنغا
كۆتۈرۈلدى. ماۋجۇشى سەيپىدىن ئەزىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدى-
غا كېلىپ قولىنى تۇتۇپ راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ماڭدى.
مەنمۇ سەيپىدىن ئەزىزىگە ئەگىشىپ بىرگە باردىم. سەيپىدىن
ئەزىزى ماۋجۇشىنىڭ ئارقىسىدا، سول تەرىپىدىرەك تۇردى.
مەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئارقىسىدا 3 - رەتتە تۇردۇم. ئالدىم-
دا ئوڭ يېنىمدا، سول يېنىمدا لىن بوچۇ، ليۇ بوچېڭ، چېن
يى قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى تۇردى. مەن شۇ كۈنى كۆ-
رۈشنى ئارزۇ قىلغان دۆلەت قۇرۇش تۆھپىكارلىرىنىڭ ھەممى-
سىنى قانغۇچە كۆرۈۋالدىم.

دەل سائەت 3 تە لىن بوچۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىنىڭ باشلان-
غانلىقىنى ئېلان قىلدى. مۇزىكا ئەترىتى ھەيۋەتلىك «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مارشى» نى ئورۇنلىدى. ئارقىدىنلا
مەن ماۋجۇشىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈن رەسمىي قۇرۇلدى»، «جۇڭگو خەلقى
بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇردى!» دېگەن جاراڭلىق
ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. شۇئان پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس
ئالقىش ساداسىغا، شوئار ئاۋازىغا تولۇپ دۆلەت قۇرۇش مۇرا-
سىمى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بەش يۇلتۇزلۇق قى-
زىل بايراق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ مەيداندىكى نەچچە يۈز
مىڭ ئادەمنى جەلپ قىلدى. ھۆرمەت توپلىرى ئارقا - ئارقىدىن
ئېتىلدى. كەچتە تيەنئەنمېن مەيدانى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.
تيەنئەنمېن راۋىقىدا ساليوت ئاتقانىنى كۆردۇق. شۇ چاغدىمۇ مەن
ماۋجۇشىنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرغان ئىدىم.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ



23 - كۈنىگىچە بىز بېيجىڭدا ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې،
ليۇشياۋچى، جۇ ئېنلەي، دوڭ بىۋۇ قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈ-
مەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ
7 قېتىم كۆرۈشتۇق. مەن شۇ قېتىملىق سەپىرىمدە پارتىيە ۋە
دۆلەتنىڭ 1 - ئەۋلاد باشلىقلىرىنى كۆرۈپتىمەن. ئۇلارنىڭ
سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپتىمەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار مې-
نىڭ قەلبىمدىن ھەرگىز ئۆچمىدى. ئۇندىن باشقا، ئازادلىق
ئارمىيىنىڭ مارشاللىرى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەش-
كىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كاتتا ئەربابلار بىز چۈش-
كەن مېھمانخانىغا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتلەش-
تى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن
تەزىيە بىلدۈردى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇ ئېنلەي ئايرود-
رومغا چىقىپ بىزنى ئالاھىدە ئۇزىتىپ قويدى.

مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يولداش سەيپى-
دىن ئەزىزىنىڭ قېشىدا تۇردۇم. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆ-
كۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىنى ئىشلىدىم. 1952 - يىلى
تەشكىل مېنى ئۆز يۇرتۇم قەشقەرگە يۆتكىدى. قەشقەردە شىن-
جاڭ دېموكراتىك ئۇيۇشمىسى قەشقەر ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ
باش كاتىپى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى بولدۇم. 1953 - يىلى 3
- ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىر-
دىم. 1954 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر
باشلىقى بولدۇم. 1956 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، تەنتەر-
بىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن

كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇم. 1974 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تەشكىل مېنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى، 1997 ـ يىلى ئارام ئېلىشقا چىقتىم.

مېنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىمغا 57 يىل بوپتۇ. ئۇ چاغدا مەن 22 ياشتا ئىدىم. هازىر 79 ياشقا كىرىپ قالغان بولساممۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇ شەرەپلىك مىنۇتلارنى هەرگىز ئۇنتۇمىدىم. مەن بىلەن دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان سەيپىدىن ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا بىز بىلەن ۋىدالاشتى. ئاشۇ چاغدا تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىققان ئۇيغۇرلاردىن مەنلا هايات تۇرۇپتىمەن. 50 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن تۇنجى بولۇپ ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ داهىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتىمەن. ئىسلاهات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزنىڭ رەهبەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشۈپتىمەن. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ كۆپ قېتىم دۆلەت رەهبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئادەم مەن.



جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىلەن 13 قېتىم كۆرۈشۈپتىمەن. مەن بەك شەرەپلىك ئادەممەنمىكىن دەيمەن، شۇنداق، بۇ مېنىڭ شەرىپىم ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەرىپى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىنىڭ بىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان غەمخورلۇقى ۋە غايەت زور ئىلهامى.

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى

(«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 6 ـ توپلىمىدىن ئېلىندى)

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى

چى ۋېنلى

بۇ يىل 1 - ئۆكتەبىر دۆلەت بايرىمى كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق مەرىكىسى، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر، بۈيۈك ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى، بىرقەدەر مول تەجرىبىلەر توپلاندى. بۈگۈنكى كۈندە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئەسلەپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا جۇغلانغان ئاساسىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش باراۋەرلىكتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىتتىپاق بولغان، بىرلىكتە روناق تاپىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭقۇر ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.



## 1. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانى ۋە بۈيۈك ئۇتۇقلار

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان كۆپ مىللەتلىك رايون. 1949 - يىل 9 - ئايدا بېيپىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش لازىم، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلىكى ۋە رايونىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، تۈرلۈك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ۋە جېڭۋۇيۈەن 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 125 - قېتىملىق ھۆكۈمەت ئىشلىرى يىغىنىدا ماقۇللىغان، ھەمدە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى 18 - قېتىملىق يىغىنىدا يولغا قويۇشنى تەستىقلىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك بولۇشتەك رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى، پۈتۈن شىنجاڭدا كىچىكتىن - چوڭغا قاراپ پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## (1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەشۋىقاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

1951 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى سىناق تە-
رىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى» (لايىھە) ۋە ج ك پ غەربىي
شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پىكىر ئې-
لىش توغرىسىدىكى پروگراممىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن، مۇ-
زاكىرە ئاساسىدا، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەشۋىقاتىنىڭ مۇ-
ھىم نۇقتىلىرىنى ئېلان قىلدى. پۈتۈن شىنجاڭدا مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات
ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.
شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇش ئالدىدا مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئىش-
لىدى: 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قو-
يۇشتا ئېھتىياجلىق كادىرلارنى ئاكتىپ يېتىشتۈردى؛ 2. شۆبە
بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئەزالىرىنى، ھەرقايسى نازارەت (باشقارما) لاردىكى ئاز سانلىق
مىللەتتىن بولغان پارتىيىلىك كادىرلارنى قاتناشتۇردى، ئەھۋال-
لارنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-
نى يولغا قويۇشتىكى پىكىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى؛ 3. ئام-
مىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىيا-
سىتىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلدى ۋە ئىجرا قىلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە غەربىي شىمال شۆبە
بيۇروسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13
ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئۈرۈمچىدە مىللىي سىياسەت جەھەتتە



ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلغان كې-
ڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى. يىغىنغا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ
ئەزالىرى، ئۆلكىلىك ئورگانلاردىكى نازىردىن يۇقىرى دەرىجى-
لىك پارتىيىلىك خەنزۇ كادىرلار، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان
بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ئىلاۋە: ئەينى چاغدا بۆلۈم،
كومىتېت، نازارەت، ئىدارىدىن تۆۋەن تۇرىدىغىنى بۆلۈمچە ئى-
دى) پارتىيىلىك كادىرلار ھەمدە ئۆلكىنىڭ ھەرمىللەت ھەر
ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋالىي، ھاكىم-
دىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار، خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى 5 ـ كورپۇسىنىڭ كورپۇس، دىۋىزىيە، پولك دەرى-
جىلىك پارتىيىلىك كادىرلار بولۇپ جەمئىي 225 كىشى قاتناش-
تى. بۇنىڭ ئارىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 120
نەپەر ئىدى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئۆگىنى-
لىپ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم جۇم-
ھۇرىيىتى» قۇرۇش توغرىسىدىكى خاتا تەشەببۇسى تەنقىد قىلىن-
دى. مەركەزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسى-
تى بىردەك ھىمايە قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
بىلەن خەنزۇ كادىرلار ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدى-
يىسى پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا ئىدىيىۋى
ئاساس ھازىرلاندى.

1952 ـ يىل 9 ـ ئايدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
كادىرلىرى مەركەزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 4 ـ شۇجىسى
سەيپىدىن ئەزىزى ئۆلكىلىك ئورگانلاردىكى كادىرلارغا مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دوكلات

بېرىپ، ئۈچ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. مىللىي تېررىتو-
رىيىنى يولغا قويۇش ـ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ياكى مىللىي
مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر؛ 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا ھەرقايسى مىللەتنىڭ توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان رايونى ئاساس قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى مەقسەت
مىللىي ئالاھىدىلىك، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرقايسى
مىللەتنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئاندىن مەدەنىيەت ۋە
باشقا جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش؛ 3.
چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش
لازىم. بۇ قېتىمقى دوكلات شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە سىياستىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى-
نى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

**(2) ھەر دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ تەييارلىق
قىلىش.**

1952 ـ يىل 8 ـ ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر
ساھە خەلق ۋەكىللىرى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق
يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش
توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق
كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى
بۇرھان شەھىدى ھەيئەت مۇدىرى، گاۋجىڭچۈن، سەيپىدىن ئە-
زىزى، ئەنۋەر جاكۇلىنلار مۇئاۋىن ھەيئەت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەن-
دى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ 40 نەپەر ۋەكىلىدىن تەييارلىق
كومىتېتى تەشكىل قىلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كا-
تىپى ئابدۇللا زاكىروف تەييارلىق كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقى-



نى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تەييارلىق كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك
خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. تەييارلىق كو-
مىتېتىدا كاتىبات، تەشۋىقات، مالىيە ئىشخانىلىرى تەسىس قى-
لىنىپ، ئۇلارغا 11 نەپەر شتات ئاجرىتىلدى. تەييارلىق كومى-
تېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە خىزمەتلىرى يولغا قويۇلدى.

1953 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي
ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقىنى يەت-
كۈزدى. مەركەز شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە پىلان لايىھىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلغان بولۇپ،
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئوتتۇرىغا
قويغان ئىدى: 1. شىنجاڭدا 13 مىللەت بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا ياكى مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كې-
يىن، ئۇيغۇر مىللىتى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
قازاق ئاپتونومىيە رايونىدىمۇ 13 مىللەت تەركىبى بار بولغاچقا،
قازاق مىللىتىمۇ مىللىي ئاپتونومىيە رايونى تەۋەسىدىكى باشقا
مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولىدۇ. 2. «ئېھتىياتچان
بولۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» يۆنىلىشىنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇش ۋاقتىنى يەنە ئۇزارتىشقا بولىدۇ، خىزمەتلەرنى ياخشى
ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈ-
چەيتىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

قويۇشتا، هازىرقى ئولتۇراقلىششقا ئەهمىيەت بېرىپلا قالماي، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەهەتتىكى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات شارائىتىغىمۇ ئەهمىيەت بېرىش كېرەك. 3. شىنجاڭ دېگەن نام ئۆزگەرتىلمەيدۇ، مەمۇرىي ئورنى ئۆلكىگە تەڭ بولۇپ، مەركەزنىڭ رەهبەرلىكىدە بولىدۇ. ئىلى قازاق مىللىتىنىڭ ئاپتونومىيىلىك رايونىغا تەۋە بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى قەدەم باسقۇچلار «تۆۋەندىن يۇقىرىغا» بولۇشتىن «كىچىكتىن چوڭغا» قىلىپ ئۆزگەرتىلسە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. قىرغىز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ مىللىي ئاپتونومىيە رايونى يېنىدىكى دېهقانچىلىق رايونىدىن مۇۋاپىق بىر بۆلەكنى بۆلۈپ بېرىش كېرەك.

شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يەنە مۇهىم يوليورۇق بەردى: 1. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن زور سىياسىي ۋەزىپە بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەهبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يەر ئىسلاهاتى ئاساسىي جەهەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ئاندىن شۇ ئاساستا پۈتۈن ئۆلكە تەۋەسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈش لازىم؛ 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ۋە مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىقات تەربىيىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر، بۇ شىنجاڭدا غايەت زور رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە؛ 3. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا خۇددى خەنزۇلار پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئاساسىي گەۋدىنى تەشكىل قىلغاندەك، ئاساسلىق ئاهالىنى تەشكىل قىلىدىغان مىللەت. شۇڭا خەنزۇلار پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغانغا ئوخشاش، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششى، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشى، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشى لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىش، يەنە هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىيات ئېهتىياجىغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ هەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىقتىسادىي جەهەتتىكى باراۋەرلىكتىن بەهرىمەن قىلىپلا قالماي، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى، ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى هەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە هەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئومۇمىي سايلام خىزمىتى پىلانى» توغرىسىدىكى دوكلاتىنى، بۇرهان شەهىدىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمەت پىلانى» توغرىسىدىكى دوكلاتىنى هەمدە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىلانى» (لايىهە)، نى ماقۇللىدى. بۇ پىلان (لايىهە) دە، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە مەمۇرىي مەهكىمە دەرىجىلىك ئاپتونوم جايدىن بىرى، ۋالىي مەهكىمىسى دەرىجىلىك ئاپتونوم جايدىن 4 ى، ناهىيە دەرىجە-

لىكتىن 6 سى ھەمدە رايون، يېزا دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلار قۇرۇلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلار مەكتىپى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خىزمىتى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 5 ـ ئايدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش بۆلۈمى قۇرۇپ، جايلاردىن 9 مىللەتتىن تەركىب تاپقان خىزمەتتىكى كادىرلار ۋە ئاكتىپلاردىن 284 نەپەرنى قوبۇل قىلىپ 3 ئاي تەربىيىلىدى. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىگىلەش ئۈچۈن، تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار 3 خىزمەت گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار يېزىسى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىچكاشەن يېزىسى ۋە شىخۇ ناھىيىسىنىڭ چىگشور يېزىسىدا سىناق نۇقتا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، يېزا دەرىجىلىك ئاپتونوم جاي بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىچكاشەن شىبە ئاپتونوم رايونى ۋە رايون دەرىجىسىگە تەڭ كېلىدىغان ئاپتونوم جايدىن شىخۇ ناھىيىسىنىڭ جىرغىلىتىغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. سىناق نۇقتىدا خىزمەت قىلىش ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولغىنىنىڭ 50 نەچچە كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغىنىنىڭ 70 نەچچە كۈن بولدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئۆلكە بويىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇش ۋەزىپىسى بار رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاۋۋال يېزا، رايون دەرىجىلىك، كېيىن ناھىيە، ۋالىي مەھكىمىسى دەرىجىلىك ۋە مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

1953 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 19 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى ۋە



111 ـ قېتىملىق مەمۇرىي بىرلەشمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا دائىر 4 ماددىنى ۋە ئۆلكە بويىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماقۇللىدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» نى، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلارنى قۇرۇش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» نى، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رايونغا تەڭ دەرىجىدىكى مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر تەشكىلىي نىزامى» نى رەسمىي ئېلان قىلىش بىلەن بىللە يەنە «رايون، يېزا دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلارنى قۇرۇشنىڭ 2 ـ قارارلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى» نى ئېلان قىلدى.

1953 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جېڭجۈيۈەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىلانى» بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تەستىقلىدى.

يولغا قويۇش پىلانىغا ئاساسەن، 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىك بولغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى؛ ۋالىي مەھكىمىسى دەرىجىلىك بولغان بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت 4 ئاپتونوم ئوبلاست؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە-

سى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، قاراشەھەر خۇيزۇ
ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن
ئىبارەت 6 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا، يەنە رايون دەرىجىسىگە توغرا كېلىدىغان شىخۇ ناھىيىسى-
نىڭ جىرغىلىتغولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، غۇلجا ناھىيە-
سىنىڭ ئۇچىئون خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ
ئۇششاقتال خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، تېكەس ناھىيىسىنىڭ كۆك-
تېرەك قىرغىز ئاپتونوم رايونى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ
چاغانئۇسۇ موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ
گوربېنشىر داغۇر ئاپتونوم رايونى، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ
ئېمالغولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىن ئىبارەت 7 ئاپتونوم
رايون قۇرۇلدى. يېزا دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلاردىن قورغاس
ناھىيىسىنىڭ ئىچېگاشەن شىبە ئاپتونوم رايونى، موڭغۇلكۈرە
ناھىيىسىنىڭ چۇنمۇزات يېڭىئېرىق قىرغىز ئاپتونوم رايونى،
پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، يەكەن
ناھىيىسىنىڭ زەرەپشان تاجىك ئاپتونوم رايونى، قاغىلىق ناھى-
يىسىنىڭ ئازاد ئابات تاجىك ئاپتونوم رايونى، گۇما ناھىيىسى-
نىڭ نەۋ ئابات تاجىك ئاپتونوم رايونى، تېكەس ناھىيىسىنىڭ
تاۋىنبۇلاق موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، خوجىرتى موڭغۇل ئاپتو-
نوم رايونى، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ كانبۇتۆبە موڭغۇل ئاپتونوم
رايونىدىن ئىبارەت يېزا دەرىجىلىك 9 ئاپتونوم رايون قۇرۇلدى.

1955 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 1 ـ نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى 21 ـ
قېتىملىق يىغىنىدا «شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى
تەكلىپ لايىھىسى» نى ماقۇللىدى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن
30 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.



يىغىنغا 364 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن «‹مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 21 ـ قېتىملىق يىغىنى-
نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش، شىنجاڭدا
ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى› نى
ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى قارار» نى ماقۇللىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلى-
رىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)» ماقۇللاندى، سەيپىدىن
ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە، گاۋ-
جىنچۈن، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، پاتىقان سۇگۇربايوفلار مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى؛ ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق 37
كىشى ئەزالىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى سايلاپ
چىقىلدى.

1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەر
ساھە ئاممىسىدىن بولۇپ 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشى خەلق مەيدا-
نىدا كاتتا يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 6 يىللىقىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. سەيپىدىن ئە-
زىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلى-
قىنى جاكارلىدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمى-
كىنىڭ باشلىقى دۇڭ بىۋۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جياگېڭ سۆز قىلدى. دۇڭ بىۋۇ
مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغان-
لىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ
يەنە بىر ئۇلۇغ غەلىبىسى. ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى تارىخىي ئەھمى-
يەتكە ئىگە كاتتا ئىش». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا

كۆيۈنۈش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار، شۇنداقلا پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار. شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە مىللەتلەر
ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ھەم ياردەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ،
بۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۇ-
شىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ».

شىنجاڭدىكى ئۆزبېك، تاتار، رۇس ۋە مانجۇ مىللەتلىرى-
نىڭ نوپۇسى بىرقەدەر ئاز، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايى قۇرۇلمىغاندىن باشقا، باشقا ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى
قۇرۇلدى.

**(3) ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى**
**ھەمدە مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتىكى ئۆزگىرىشلەر**

دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جاي-
لار قۇرۇلغان دەسلەپكى باسقۇچتا ھەممىسى بىردەك ئاپتونوم
رايون دەپ ئاتالغان، دەرىجىگە ئايرىشتا بولسا ئۆلكە دەرىجى-
لىك، مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىك، ۋىلايەت دەرىجىلىك، نا-
ھىيە دەرىجىلىك، رايون دەرىجىلىك، يېزا دەرىجىلىكتىن ئىبا-
رەت 6 دەرىجىگە بۆلۈنگەن. 1954 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ
كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «ناھىيە-
دىن تۆۋەن دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇشنى
ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق
مەسىلىلەر توغرىسىدا يوليورۇق» نى تارقاتتى. يوليورۇقتا
«مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللىي ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست،



ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە بولىدۇ. شۇڭا،
تېخى قۇرۇلمىغان ناھىيىدىن تۆۋەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك
رايونلار قايتا قۇرۇلمايدۇ، قۇرۇلۇپ بولغان مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك رايونلار مىللىي يېزىغا ئۆزگەرتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەن-
گەن. شۇ سەۋەبتىن، شىنجاڭدا يەنە قۇرۇلماقچى بولغان قۇ-
مۇل، ئاقسۇ، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى رايون دەرىجىلىك
ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرى توختى-
دى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، ئوبلاست مەمۇ-
رىي مەھكىمە دەرىجىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئىلى،
تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت بولىدۇ، بورتالا موڭ-
غۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەن-
گەن. بۇ مەملىكەت بويىچە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئىدى.

1954 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ
ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە سانجى، مى-
چۈەن، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى كىردى. 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا،
گوۋۇيۈەن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەستىق-
لىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان گۇچۇڭ، فۇكاڭ،
ماناس، قۇتۇبى، جىمسار ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن
ئىبارەت 6 ناھىيە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ
بېرىلدى.

1970 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق
ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان چاغدا، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى-
نىڭ روھىغا ئاساسەن، 8 ناھىيە، بىر شەھەر ئوبلاستنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنى ۋا-
كالىتەن باشقۇرمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئەمەلىيەتتە، 1967 ـ
يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي، ئىلى
ئوبلاستىنىڭ بورتالا ئوبلاستىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش فۇنكسى-

يىسى توختىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ باقمىغان.

1960 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كەلگەن كورلا، لوپنۇر، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى باينغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇلدى، ئاپتونوم ئوبلاست ئورگىنى قارا شەھەر ناھىيىسىدىن كورلا ناھىيىسىگە كۆچۈرۈلدى. 1970 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن باغراش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ يۈجىن (سەكرەپ ئىلگىرىلەش)، نۇرلۇق (گۇاڭمىڭ) گۇڭشېلىرى ھەمدە قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەش ئۆستەڭ (ۋۇخاۋچۇ) گۇڭشېسىنىڭ 3 چوڭ ئەترىتى بۇ ناھىيىگە قوشۇلدى. باغراش ناھىيىسى باينغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى. 1979 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن دەرىجىسى ناھىيىگە تەڭ بولغان كورلا شەھىرى قۇرۇلدى، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن كورلا ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىدى. سابىق كورلا ناھىيىسىگە تەۋە مەمۇرىي رايونلار كورلا شەھىرىگە قوشۇلدى.

1955 ـ يىل 12 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن تارقاتقان «مىللىي يېزا قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا يوليورۇق» ۋە «رايونغا تەڭ دەرىجىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يوليورۇق» ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن 1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تارقاتقان «رايونغا تەڭ ۋە يېزىغا تەڭ بولغان مىللىي ئاپتونوم رايونلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يوليورۇق» قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا، رايون دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامى، رايون



ئايرىمىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، تەڭشەلدى. 1954 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان رايونغا تەڭ بولغان مىللىي ئاپتونومىيە ئورگىنى ئەمەلدى قالدۇرۇلدى، رايونلۇق خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىنىپ، رايون تەۋەسىدىكى ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، تارقىلىشىغا ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مىللىي يېزا قۇرۇلدى. بۇ مىللىي يېزىلار: خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى، تېكەس ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئون خۇيزۇ يېزىسى، شىخۇ ناھىيىسىنىڭ جىرغىلتىغۇلىن موڭغۇل يېزىسى، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ گورىبىنشىر داغۇر يېزىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ چاغانئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى ۋە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئىمالغولىن موڭغۇل يېزىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا دەرىجىلىك 9 ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممىسى مىللىي يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 ـ يىلى مىللىي يېزىلار باشقا يېزىلارغا ئوخشاش خەلق گۇڭشېسى (كوممۇنا) بولدى.

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي يېزىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرۇشنى تەرتىپكە كىرگۈزدى. 1983 ـ يىل 12 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن «مىللىي يېزا قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 ـ يىلى يانۋاردا بۇ ئۇقتۇرۇشنى كۆپەيتىپ تارقاتتى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى،

گوۋۇيۇەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم
رايون بويىچە قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك،
شىبە، ئۆزبېك، داغۇر، تاتار قاتارلىق مىللەت تەركىبلىرىنىڭ
42 مىللىي يېزىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇل-
دى.

## (4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسى-تىنىڭ شىنجاڭدىكى بۈيۈك مۇۋەپپەقىيىتى.

جۇڭگونىڭ «ئاساسىي قانۇن» ى ۋە «مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھازىر ئاپتو-
نوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ رەئىس،
ئوبلاست باشلىقى، ھاكىملىقىنى ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان
ئاساسىي مىللەت پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالدى.

1. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقى ئىشقا ئاش-
تى. «ئاساسىي قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يە قانۇنى» دا: «ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم
ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئاپتونومى-
يىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقرالىرى مۇدىرلىق ياكى مۇئاۋىن
مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا يەنە: «مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە خەلق تەپ-
تىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت
كىشىلىرى بولۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا مىل-
لەتلەر كۆپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى كۆپ قات-
لام بويىچە يۈرگۈزۈشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ھازىر ئاپتو-
نوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت 3
دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە



خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى
تەركىبىدە «ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت كىشىلىرى»
بولۇپلا قالماي، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە
خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشلىكىنىمۇ ئاپتونومى-
يىنى يولغا قويغان مىللەتتىن بولغان پۇقرالار ئۆتىمەكتە. ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاشتىكى ئارتۇق نامزات تۈ-
زۈمىدە، ئاپتونوم رايون سايلامدا قېپقالغان ئاز سانلىق مىللەت
ئورنىغا چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت تولۇقلىنىشى كېرەك، دەپ
بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىن-
لىق ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈش
رولىنى ئوينىدى.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىكتىكى
دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرى بولۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلار-
دا يەنە ئاپتونومىيە ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر
ئۆز ئىچىدىن سايلاپ چىققان ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان يەر-
لىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتايلىرى شۇ مەمۇ-
رىي رايوندا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي قانۇن ـ تۈزۈم-
لەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ قا-
نۇندا بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسىدە قارارلارنى ماقۇللايدۇ ۋە
ئېلان قىلىدۇ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرىدۇ، شۇ
توغرىلىق قارار چىقىرىدۇ، ئاپتونومىيىلىك جاي يەنە ئاپتونومى-
يە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، شۇ جاينىڭ ئىشلىرى ۋە ئۆز مىللىتى-
نىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا بولغان خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تولۇق
گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە
ئاپتونوم ناھىيە ھەرقايسى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى تەش-
كىللىگەندە ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ نىسبىتىگە ھە-

قىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھازىر، ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 549 نەپەر، بۇنىڭ ئى-
چىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللەر 363 نەپەر بولۇپ، ۋە-
كىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 66.12% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ھەقىقىي
كاپالەتلەندۈرگەن.

2. زور تۈركۈمدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك
كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت
كادىرلىرى ۋە كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلى-
قى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ
ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئورتاق گۈللىنىشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. دۆلىتىمىز-
نىڭ «ئاساسىي قانۇن» ىدا: «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى، تۈرلۈك
كەسىپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيە-
لەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ بۇنىڭغا ئائىت
بەلگىلىمىلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى ئالاھىدە تەدبىر
قوللىنىش، ئېتىبار مۇئامىلە ئارقىلىق تۈرلۈك كەسىپ ئىختى-
ساس ئىگىلىرىنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش
خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرسا بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىمۇ بار.
يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل شەكىل،
كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.
1955 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندا، شىنجاڭدىكى ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئاران 46 مىڭ



كىشى ئىدى، 2004 ـ يىلىغا كەلگەندە 348 مىڭغا يەتكەن
بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 52%
نى ئىگىلىگەن. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۈرلۈك كەسپىي
تېخنىكا خادىملىرى 25 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كەس-
پىي تېخنىكا خادىملىرى سانىنىڭ 56% نى ئىگىلىگەن؛ ئاز
سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى
ئايال كادىرلار سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 66% تىن يۇقىرى.
بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم،
خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زاماند-
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈ-
رۈش سالمىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زورايتتى، ھەر
يىلى زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەركىزىي
پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتې-
تى، دالىيەن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە كارخانا باشقۇرۇش
بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا تەربىيىلەندى، نەزەرىيە ساپا-
سى كۆچەيتىلدى، كەسپىي ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى، ھاكىمىيەت
باشقۇرۇش ماھارىتى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە
زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەركەزدىكى
دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا
ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىل-
دى، ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى
قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت يەنە
ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا زور تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگى-
لىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسىپ
ئىختىساس ئىگىلىرى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگى-

ىنىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇن» ىدا: «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. 1950 - يىل 10 - ئايدىلا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. 1951 - يىلى 12 - ئايدا بۇ كومىتېتنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرى تەتقىقات - ئىسلاھات كومىتېتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1953 - يىلى 10 - ئايدا، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرى تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا كومىتېتنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1976 - يىلى قايتا تەشكىل قىلىندى. 1978 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تەڭ 5 ئاپتونوم ئوبلاستتا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. بۇ خىل ئاپپاراتلار قۇرۇلمىغان ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنى مىللەت-



لەر خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قوشۇمچە باشقۇردى. نەچچە ئون يىللىق خىزمەت ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر:

(1) ئاپتونوم رايون ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىنى تەڭ قوللاندى، ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا مىللىي تىل - يېزىقلارنىمۇ قوللاندى، ئاپتونوم رايون خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئاچقاندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىل - يېزىقىدىن ئىبارەت 5 خىل تىل - يېزىقنى قوللاندى؛ ھەر دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان قورال قىلدى. ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىنىمۇ ئىشلەتتى، ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا مىللەت تىل - يېزىقلىرىنىمۇ ئىشلەتتى.

(2) ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرىدا مىللىي تىل - يېزىق كەڭ قوللىنىلىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلدى. 2004 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 93% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون نەشر قىلغان كىتابلار 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى 166 خىلدىن كۆپىيىپ 2004 - يىلىدىكى 3750 خىلغا يەتتى. گېزىتلەر 4 خىلدىن كۆپىيىپ 94 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى گېزىتلەر 41 خىل؛ كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى تې-

خىمۇ بېيىتىلدى.
(3) مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى مائارىپ سىستېمىلى-
شىپ، تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دۆلەتنىڭ مائارىپ يۆنىلى-
شىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە،
مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل،
قىرغىز، شىبە تىللىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى تە-
سىس قىلدى، غۇلجا شەھىرىدە رۇس تىلى سىنىپى ئېچىلدى،
ھازىر ھەرقايسى مىللەتلەردە تولۇقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى
ئومۇملاشتى. شۇنداقلا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، زور بىر
تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار ۋە تۈرلۈك كەسىپ ئىختىساسلىقلىرى
مىللىي تىل - يېزىقتا تەربىيىلەندى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈلمىسىمۇ
بارلىققا كەلدى.
(4) مىللىي تىل - يېزىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دەۋا
ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم قورالغا ئايلاندى. ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى،
خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلى-
رى دېلو بىجىرگەندە، شۇ جايدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان
تىل - يېزىقنى ئىشلەتتى. ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇن جەھەتتى-
كى ھۆججەت، ماتېرىياللارنى شۇ جايدا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان
بىر ياكى بىر قانچە خىل يېزىقتا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقى ئارقىلىق پۈقرالىق ھوقۇ-
قىنى يۈرگۈزۈشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.
(5) ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر ئۆز تىل - يېزىقىدا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە،
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن پروزا ئە-



سەرلىرى، شېئىر - مۇزىكا، كومېدىيە قاتارلىق بەدىئىي ئە-
سەرلەرنى، تۈرلۈك پەن - تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرىنى يازدى.
(6) مىللىي تىل - يېزىق تەتقىقاتى ھەم ئۇنى قېلىپلاش-
تۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش
جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈ-
رۈلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى تېخىمۇ بېيىدى
ۋە تەرەققىي قىلدى.
(7) مىللىي تىل - يېزىقنى قوللىنىش قانۇنلاشتۇرۇپ
باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى. 1988 - يىل 12 - ئايدا، ئاپتو-
نوم رايوننىڭ رەئىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
3 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇشى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقلارنى قوللىنىشنى باش-
قۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىندى. بىر نەچچە
يىللىق سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئەمەلىي
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن
كېيىن، 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم
رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنىدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ماقۇللىنىپ يولغا
قويۇلدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.
4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت
قىلىندى. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇن»ى ۋە «مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆرپ
- ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە
ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجى-
لىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى كادىرلار ۋە ئاممىغا ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش تەر-

بىيىسى بىرىشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بىرىپ كەلدى، بولۇپمۇ
قىسىمدىكى ئوفىتسىر، ئەسكەرلەرگە، بىڭتۈەن ۋە مەركەزنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەرگە بۇ خىل
تەربىيە بىرىلىپ، خەلقنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى
ئىجرا قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا باشلامچىلىق
بىلەن رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. ئاپ-
تونوم رايون يەنە جايلاردىن مۇھىم قاتناش لىنىيىلىرىدە ۋە
مۇسۇلمان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بار ئورۇنلاردا «مۇسۇلمانلار
ئاشخانىسى» ياكى «مۇسۇلمانچە تاماق ئىچىش ئورنى» تەسىس
قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم
رايون ۋە جايلار مۇسۇلمانچە يىمەك - ئىچمەكلەرنى باشقۇرۇشقا
دائىر بىر قىسىم بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، مۇسۇلمانچە يىمەك-
لىكلەرنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون
يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئۆرپ - ئادەت بويىچە
ئۆتكۈزۈش، كۆيدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلماسلىق، تۇپراققا دەپنە
قىلىشنى ئىنىق بەلگىلىدى. مۇسۇلمانلار ۋە رۇس ئىشچى -
خىزمەتچىلەر دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش بايراملاردىن بەھرىمان
بولغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى كاتتا بايراملىرىنى ئۆتكۈز-
گەندە، دەم ئېلىشتىن بەھرىمان بولىدىغان بولدى. بۇ بىر قاتار
بەلگىلىمە ۋە تەدبىرلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلى-
رىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىنى كاپالەت-
لەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلى-
شىغا ئېرىشتى.
5. مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەم
بىرىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىق، تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلدى.
دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇن» ىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، دۆلەت ھەر-



قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ۋە مەنپەئەتى-
نى كاپالەتلەندۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان
ئۆزئارا ياردەم بىرىش مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە تەرەققىي قىل-
دۇرىدۇ، ھەرقانداق مىللىي كەمسىتىشنى ۋە مىللىي زۇلۇمنى
چەكلەيدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋە مىللىي بۆل-
گۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 50
يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇنا-
سىۋىتىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇن جاپا-
لىق، ئىنچىكە، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-
نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ساھە-
لىرى، ھەرقايسى سەپلىرىدىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تە-
رەققىيات ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان زور بىر تۈركۈم
ئۈلگىلىك كوللېكتىپلار، نەمۇنىلىك شەخسلەر بارلىققا كەلدى.
پۈتكۈل جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى شەرەپ دەپ بىلى-
دىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندى، 1982 - يىلى
11 - ئايدا، ئاپتونوم رايون مەملىكەت بويىچە باشلامچىلىق بىلەن
1 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغى-
نى ئۆتكۈزۈپ، 183 ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە 322 نەپەر مۇنەۋۋەر
شەخسنى تەقدىرلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن
بۇ قېتىمقى يىغىنغا يۇكسەك باھا بەردى ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەش-
تۈردى، بۇ «باراۋەر، ئىناق، ئۆزئارا ياردەم بىرىدىغان يېڭىچە
سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلى-
رىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرىدىغان ‹ ئىنتايىن ياخشى ئىجاد-
ىيەت › » دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىلىك ئورۇن

بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىلىك شەخس بو
لۇشتا بەسلىشىش پائالىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى ھەمد
تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى. 2000 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە 4 قېتىم
تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 532 ئۈلگىلىك ئورۇننى، 96
نەپەر نەمۇنىچى شەخسنى تەقدىرلىدى. يەنە 111 ئۈلگىلىك ئو
رۇن ۋە 114 نەپەر نەمۇنىچى شەخس دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ 129 ئۈلگىلىك ئورۇ
ۋە 186 نەپەر نەمۇنىچى شەخس گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگ
ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون ئومۇمەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننى
تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن نەمۇنىچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى
جەھەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىز
مەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىشن
قارار قىلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى كەڭ
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ـ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتله
سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مىللەتله
مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى يەنە بى
يېڭى تەجرىبە. ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ قېتىملىق مىللەتله
ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
1983 ـ يىل ھەر يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيەت ئېيى ئۆتكۈزۈ
كېلىنمەكتە. بۇ يىل بۇ پائالىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنىغا 3
يىل بولدى. تۈرلۈك جانلىق تەربىيە شەكىللىرى ئارقىلىق ھە
مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە بولغان چ
شەنچىسى چوڭقۇرلىشىپ، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئاڭلىق ئىج
قىلدى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگە



ھالدا كۈچەيدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى.

6. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرىدىغان سىياسەتتۇر. نەچچە ئون يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا ماھىيەتلىك ھالقىش ۋە مىقدار جەھەتتىكى غايەت زور ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا روشەن ياخشىلىنىش بولدى. 2004 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 220 مىليارت 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن 11.5 ھەسسە ئاشتى، بۇ 1952 ـ يىلىدىكىنىڭ 59 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 7600 يۈەن، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 2269 يۈەن بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1978 ـ يىلىدىكىدىن 22.8 ھەسسە ۋە 18 ھەسسە ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، تۇرالغۇ شارائىتىمۇ ياخشىلاندى.

7. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن، 1979 ـ يىلدىن بۇيان،

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى نۇرغۇن يەرلىك قانۇن ـ نىزاملارنى، قانۇنىي كۈچكە
ئىگە قارار، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. بۇ-
نىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بەزى
مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزدى. بۇ قانۇن ـ نىزام، قارار، بەلگىلە-
مىلەر ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىساد باشقۇرۇش، بايلىقلار-
نى قوغداش، مۇھىت ئاسراش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ،
مەدەنىيەت، سەھىيە، جەمئىيەت ئامانلىقى، دىنىي ئىشلارنى
باشقۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ھاكىمى-
يەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكىسىنى مىسالغا ئالساق، ئاپتونوم را-
يونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن خەلق ۋەكىللىرىنى
بىۋاسىتە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» توغرىسى-
دىكى قارارى، «قانۇن ـ تۈزۈم خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى
تۈزۈش تەرتىپى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىقلار؛
ئىقتىساد باشقۇرۇشقا ئائىتلىرىدىن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش توغرى-
سىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلاردا كۆتۈرە بې-
رىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىت-
لىق بەلگىلىمىسى»؛ بايلىق قوغداش جەھەتتىكىلىرىدىن:
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى-
نى كۆپەيتىش، ئاسراشنى باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يايلاق باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نى-
زامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى
كارانتىن قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىقلار؛ مۇھىت
ئاسراشقا دائىرىلىرىدىن: «دەرەخ تىكىش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈ-



رۇش ئارقىلىق شىنجاڭنى يېشىللاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن
قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ‹سۇ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمىنى
يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»؛ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ،
مەدەنىيەت، سەھىيىگە دائىرىلىرىدىن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزا-
مى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى
تۈگىتىش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىل-
لەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ـ بېكىتىش كو-
مىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىقلار؛
جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىرىلىدىن: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر
تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»، «شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەشە چەكلەش بەلگىلە-
مىسى»؛ دىنغا مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىت-
لىق بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دى-
نىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگى-
لىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلار-
نى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىقلار بار. بۇ قانۇن ـ نىزاملار،
قارارلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى
قوغداش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى-
نى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى
ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇھىم قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

## 2. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر

**(1) ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى**
**ئۈستۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مىللىي**
**تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش،**
**ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ئۇزلۇكسىز ئۈستۈرۈش.**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1922 - يىل 7 - ئايد
ئاچقان 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدە: «ئەركىن
فېدېراتسىيە تۈزۈمى بويىچە، مەركىزىي جۇڭگو، موڭغۇلىيە،
شىزاڭ، شىنجاڭلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭخۇا فېدېراتىپ جۇم
ھۇرىيىتى قۇرۇلىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىن، ئىن
قىلاب ئەمەلىيىتى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ ئەزەل
دىن بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى،
ئەھۋالىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقى،
«مۇستەقىللىق»، «ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» نى تەكىتلەشكە،
«فېدېراتسىيە تۈزۈمى» بەرپا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى تونۇپ
يېتىلدى ھەمدە 1947 - يىل 5 - ئايدا، ئالدى بىلەن ئازا
قىلىنغان موڭغۇللار رايونىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى
قۇرۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەت ئىچىد
كى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسە
قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ كونك
رېت شەكلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىدە ئەمەلىيەت ۋە تونۇشتىكى



تارىخىي ئەھمىيەتلىك بۆسۈشدۇر.

1949 - يىل 9 - ئايدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ماقۇللىغان «ئورتاق پروگرامما» دا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش» ئاساسىي سىياسىتى قوبۇل قىلىندى. 1951 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، لى ۋېيخەن مەركەز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە - رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ماركسىزم، لېنىنىزمنى قوللىنىپ ھەل قىلىدىغان ئاساسىي سىياسىتىدۇر»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى ئاساسىي يولىدا ئىلگىرىلەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىنى ئاساس قىلغان ئاپتونومىيىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، «ئورتاق پروگرامما» «ئاساسىي قانۇن» لۇق رولىنى ئوينىغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم ئىدى.

ئەمما، تارىخىي، جۇغراپىيىلىك تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى ئاز ساندىكى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش «فېدېراتسىيە تۈزۈمى» نى يولغا قويۇشنى قۇۋۋەتلىدى، ھەتتا «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» نى كۆككە كۆتۈرۈشتى. سەيپىدىن ئەزىزى «ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كەلگۈسىگە

يول ئېچىپ، پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتايلى — شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز»
ناملىق ① ماقالىسىدە مۇنۇلارنى ئاشكارىلىغان: «1949 - يىلى
دۆلىتىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپ،
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشى مۇقىملىشىپ قالدى. ش
يىلى يازدا، سابىق دېموكراتلار ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن
يېڭى ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىرى ئىچكى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ
كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ مۇنداق
خىل تاللاش تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى گومىن
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ شىنجاڭ
نى مۇستەقىل قىلىش؛

2. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭدىن
چىقىپ كېتىش، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش؛

3. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىر
نى يوقىتىپ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتنى
ئازاد قىلىش. قايتا - قايتا مۇزاكىرە ئارقىلىق، كۆپچىلىك
1 - ۋە 2 - تۈرلۈك تاللاشنىڭ ئىشقا ئاشمىقى قىيىن. پەقەت
3 - خىل تاللاشلا بولىدىغان توغرا تاللاش دەپ ھېسابلىدى
چۈنكى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى يەتمەكچى بولغان ‹ مىللەتلەر باراۋەرلىكى› نىشانىنى
ئىشقا ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۆپچىلىك مۇشۇ خىل
تونۇش ئاساسىدا، شىنجاڭ كەلگۈسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى
بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. كەلگۈسىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995 - يىلى 17 - سېنتەبىر سانىدا - ئاپتور ئىزاھاتى



يەت شەكلى ئۈستىدە توختالغاندا، كۆپچىلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 20 - يىللاردا ۋە 30 - يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئوتتۇرىغا قويغان «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ۋە «فېدېراتسىيە تۈزۈمى» گە ئاساسلىنىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەقلىد قىلىپ، شىنجاڭ ئىتتىپاقداش (ياكى ئاپتونوم) جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، بىرلىكتە فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى جۇڭگونى تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتى».

يۇقىرىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي ۋە رېئال شارائىتىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي سىياسىتى قىلىپ بەلگىلىگەن ھەمدە ئىچكى موڭغۇل رايونىدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە «فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئورنىتىش» ، ھەتتا «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» نى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن.

1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىناق نىزامى» (لايىھە) ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پىكىر ئېلىش پروگراممىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلار شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، زور كۆپچىلىكى «ئورتاق پروگرامما» نى قەتئىي

ھىمايە قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر «ئۇيغۇرستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خاتا تەشەببۇسىدا بولدى.

شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ۋاڭ جېن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى باراۋەر ھەمكارلاشتۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان توغرا سىياسەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇ لىچىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى تەستىقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىن يۈكسەك پرىنسىپاللىققا ئىگە بولۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى توغرا قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە چىڭ تۇرۇش - ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يىغىننىڭ «مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى» دە ئاز ساندىكى مىللىي خاھىشى بار كادىرلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش ۋە مۇۋاپىق تەنقىدلەش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەمەلىيەت شىنجاڭدا قانداق سىياسىي تۈزۈمنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت پرىنسىپال مەسىلىدە، توغرا سىياسەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتا تەشەببۇسنى تەنقىد قىلىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ



ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى توغرا يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەجرىبە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**(2) «ئىككىنى توغرا بىرلەشتۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇش - مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر.**

1957 - يىلى، جۇ ئېنلەي چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە: «بىز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى قوللاندۇق، بۇ خىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىقتىساد ئامىلى بىلەن سىياسەت ئامىلىنىڭ توغرا بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر. ئۇنىڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ قالماي، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ»[①] دەپ كۆرسەتكەنىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر «ئىككىنى توغرا بىرلەشتۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىل نامزاتلىرىنى تەقسىملەش ۋە خادىم تەشكىللەشتە، كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ ئالاھى-

① «جۇ ئېنلەينىڭ بىرلىكسەپكە دائىر ماقالىلىرىدىن تاللانما» دىن، ئاپتور ئىزاھاتى

دىلىكى تولۇق ئويلىشىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئاپتونومىيە
ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىندى. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق
10 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا، شىنجاڭدىكى
مۇتلەق كۆپ قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرى بار.

ئىككىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك
جايلارنى ئايرىشتا، مىللەتنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالا-
ھىدىلىكى ئويلىشىلدى، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئور-
تاق گۈللىنىشتەك ئورتاق مەنپەئىتى ئاساس قىلىنىپ، مۇۋاپىق
ئېتىبار بېرىش ۋە تەڭشەشلەر بولدى. مەسىلەن، 1954 ـ يىلى
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە
سانجى، مىچۈەن، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى بار ئىدى. كېيىن
ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆزدە تۇتۇلۇپ، 1958
ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان گۈچۈڭ، فۇ-
كاڭ، ماناس، قۇتۇبى، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە مورى قازاق
ئاپتونوم ناھىيىسى سانجى ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىلدى، كېيىن
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىگە قارايدىغان قىلىندى.
يەنە مەسىلەن، 1960 ـ يىلى كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
لۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان كورلا، لوپنۇر، بۈگۈر،
چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستىغا قوشۇلدى، دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم ئوب-
لاستىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، يەنە شەھەر ـ يې-
زا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بىرلەشتۈرۈش قا-
تارلىق ئامىللار نەزەرگە ئېلىندى. بۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەدبىر بولۇش بىلەن بىر
ۋاقىتتا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە



پايدىلىق.

ئۈچىنچىدىن، كۆپ جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كۆپ قاتلاملىق مىللىي ئاپتونومىيە
يولغا قويۇلدى. مەسىلەن، قازاق مىللىتىنىڭ قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستىدىن باشقا، قازاق مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن مورى قازاق
ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا،
شىنجاڭدىكى موڭغۇل مىللىتىنىڭ نوپۇسى ئاران 50 مىڭدىن
ئاشاتتى. ئەمما بۇ مىللەتنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھى-
دىلىكى ۋە تارىخىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بايىنغولىن موڭ-
غۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى
قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى
قۇرۇلدى، بۇ شۇ جايلاردا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولغان، ئورتاق
تەرەققىي قىلىدىغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا پايدى-
لىق ئىدى.

تۆتىنچىدىن، مىللىي يېزىلار مۇۋاپىق تەسىس قىلىندى.
مىللىي يېزا تەسىس قىلىش ـ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيىنى يولغا قويۇشنىڭ بىر خىل تولۇقلىما شەكلى بولۇپ،
ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىنلىق
ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا پايدىلىق. 20 ـ ئەسىر-
نىڭ 50 ـ يىللىرى شىنجاڭدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق
مىللەتلەر رايونلىرىدا رايون دەرىجىسىگە توغرا كېلىدىغان مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك رايوندىن 7 سى ۋە يېزا دەرىجىسىگە تەڭ
بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايوندىن 9 ى قۇرۇلغان بولۇپ،
كېيىن مىللىي يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى مىللىي
يېزىلار باشقا يېزىلارغا ئوخشاش خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىل-

گەن. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ،
خاتالىقلار تۈزىتىلدى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ئەستا-
يىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 42 مىللىي يېزا قۇرۇلدى ۋە يېڭى-
دىن قۇرۇلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم
رايون بويىچە مانجۇلار ۋە رۇسلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق
بولغانلىقتىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايى
ياكى مىللىي يېزىسى قۇرۇلمىغاندىن باشقا، باشقا 10 ئاز سانلىق
مىللەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ياكى مىللىي يېزى-
سى قۇرۇلدى، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئاپتونومىيە ھوقۇقى-
دىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى.

**(3) «سول» چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسى-
نى يېڭىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش.**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى جۇڭگونىڭ
مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى
قىلىش، دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسىي تۈزۈمى قىلىش دۆلى-
تىمىز ئەھۋالىغا مۇناسىپ بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھى-
مايىسىگە ئېرىشتى. بىراق، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش جەريانىدا، «سول» چىللىق
ياكى ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسىغىمۇ ئۇچرىغان. جۇ ئېنلەي
جىڭداۋدا ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىل-
غان سۆزىدە: «ئازادلىقتىن كېيىن بىز دۆلەت ئەھۋالىمىزغا
مۇناسىپ كېلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىغا پايدىلىق بول-
غان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندۇق.
بىز مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى تەشەببۇس قىلمايمىز. ھازىر



ئەگەر مىللەتلەرنىڭ ئايرىلسا بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىل-
ساق، بۇنىڭدىن جاھانگىرلار پايدىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ
مۇۋەپپەقىيەت يولى بولمايدۇ ھەمدە مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى
ئۈچۈن ئاۋارىچىلىقنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭدا ئا-
زادلىقتىن ئىلگىرى بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەر شەرقىي تۈر-
كىستانغا ئوخشاش بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللان-
غان. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇرىستان دېگەن نامنى ئىشلىتىشنى قول-
لىمىدۇق. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارلا بولۇپ قالماي، يەنە باشقا 12
مىللەتمۇ بار، 13 مىللەتنى 13 ئىستان قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ
ـ دە»[1] دېگەن ئىدى. بۇ سۆزدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتا
تەشەببۇسى قاراتمىلىق ھالدا تەنقىد قىلىنغان.

1957 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ قې-
تىمقى يىغىننىڭ ۋەزىپىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىز-
مىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئورۇن-
لاشتۇرۇش ئىدى. مەركەز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ
بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ
مۇھىم مەزمۇنى بولىدىغانلىقىنى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى
تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئاڭنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ، مىل-

① جياڭ زېمىننىڭ «مەركەز بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» دىن.
2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئاپتور ئىزاھاتى

لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش-
نى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكە-
نىدى. 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارى-
سىدا ئىستىل تۈزىتىش پىلانى» نى تارقاتتى، بۇ ھەرىكەتتە،
بىر قىسىم يولداشلار يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلدى.
1979 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەرك-
ىزىي كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان مەركىزىي كومىتېت بىر-
لىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «يەرلىك مىللەتچى قالپىقىنى ئېلىۋېتىش
توغرىسىدا يوليورۇق سوراش خېتى» دە: «پارتىيىمىز 1957
- يىلى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن
كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدا يەرلىك مىللەتچىلىكنى تەنقىد قىلىش كۈرىشى ئې-
لىپ باردى. ئەينى چاغدا، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەردە
يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشلىرى ئاينىپ قالغان ئىدى. بۇ
كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەي-
تىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە زۆرۈر ئىدى.
ئەمما، كېڭەيتىۋېتىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەن» دەپ كۆرسى-
تىلگەن. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3
- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن 1985 - يىلىغىچە، ئاپتونوم
رايون قايتا تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، ئاقلاش خىزمىتىنى ئاسا-
سىي جەھەتتىن ئورۇنداپ، كۈرەشتە كېڭەيتىۋېتىلگەن ۋە «مە-
دەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئۆتكۈزۈلگەن «سول» چىللىق خاتالىقلى-
رىنى تۈزەتتى.
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە - مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-



يىنى توغرا بىرلەشتۈرگەن ياخشى شەكىل بولۇپ، ئۇنى ئەستا-
يىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. جۇ ئېنلەي ئىككى خىل مىللەت-
چىلىك ھەققىدە توختالغاندا: «بىر جەھەتتىن، ئەگەر خەنزۇلار
ئارىسىدا چوڭ خەنزۇچىلىق خاتا پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئۇ دا-
ۋاملىشىۋەرسە مىللىي كەمسىتىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ؛ يەنە
بىر جەھەتتىن، قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچى-
لىك خاتا پوزىتسىيىسى بولسا، تەرەققىي قىلىۋەرسە مىللىي
بۆلگۈنچىلىك خاھىشى يۈز بېرىدۇ. ئومۇمەن، ئىككى خىل خاتا
پوزىتسىيە، ئىككى خىل خاھىشنىڭ قايسىسىلا بولسۇن تەرەققىي
قىلىۋەرسە مىللەتلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولۇپلا
قالماستىن، مىللەتلەر ئارىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى، بۆلۈ-
نۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. نەچچە ئون
يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆ-
كۈمەتلەر بۇ تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، ئىككى خىل مىللەتچىلىككە
قارشى تۇردى. «سول» چىللىق ياكى ئوڭچىللىقنىڭ مىللەتلەر
خىزمىتىگە دەخلى قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ،
ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-
گە ئۆتۈش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ياخشى نەتىجىلەردە
چىڭ تۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەجرىبە.

**(4) ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىشىنى تېزلىتىپ، «ئاساسىي قانۇن» ۋە دۆلەت قانۇنلىرىدا بې-رىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش.**

دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇن» ىدا ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ «ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ 3 - باب
5 - پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن يەرلىكتىكى دۆلەت ئورگىنى ھو-
قۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن، مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەن-
گەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇ
جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ سىيا-
سەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيىلىك
جايلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردى-
كى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئىنتايىن كەڭ، ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ قانۇن چىقىرىشىنى تېزلىتىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى
تولۇق يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان،
ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلە-
تىلدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك
مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم قانۇن كاپا-
لىتىگە ئىگە قىلدى.

**(5) تەرەققىياتنى تېزلىتىش — مىللىي تېررىتورى-**
**يىلىك ئاپتونومىيىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەل-**
**لەشتۈرۈشنىڭ ماددىي ئاساسى.**

دېڭ شياۋپىڭ: «تەرەققىيات چىڭ قائىدە» دېگەنىدى. تە-
رەققىيات بولمىسا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمۇ قۇ-
رۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك
پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى
باشتىن ـ ئاخىر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە
چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىرىنچى مۇھىم
ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا



كەلتۈردى.

خەلق ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى. 2004 ـ يىلى
ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى
220 مىليارت 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكى-
دىن 5 .11 ھەسسە، 1952 ـ يىلدىكىدىن 59 ھەسسە ئاشتى.
ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسا-
دىي تۇرمۇشى ۋە تۇرالغۇ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.
شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك
يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك
بولدى. 1950 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندى-
كى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان جەمئىي
مەبلەغ 805 مىليارت 100 مىليون يۈەن ئورۇنلاندى. بولۇپمۇ
غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان-
دىن بۇيان، دۆلەت شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش ۋە قوللاش سالمى-
قىنى يەنىمۇ زورايتتى. 1999 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە،
شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 487
مىليارت 600 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن %18 ئاشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ ئىشلىرى، قاتناش،
ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي
قىلدۇرۇلغان يېڭى بىر مەزگىلگە كىردى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. شىن-
جاڭ ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇھىم بەلۋېغىدا
جايلاشقان، دېڭىزدىن يىراق بولۇپ، تىپىك بولغان ئىچكى قۇ-
رۇقلۇق قۇرغاق چۆللۈك ئىقلىمىغا تەۋە، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر
ئاز، كىلىماتى ئاجىز، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر مىليون 660

مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىدا، يېشىللىق كۆلىمى ئاران 4.2% ئەتراپىدا، چۆللەشكەن كۆلەم 47.7%، قۇملۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 430 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 25.9% نى ئىگىلىگەن. بۇ پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 60% ىنى ئىگىلىگەن. ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ «تاغ - دەريالىرى گۈزەل بولغان غەربىي قىسمىنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش» ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، لايىھىدە ئىنچىكە بولۇپ، «قوغداش بىلەن قۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى بوستانلىق كۆلىمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىكى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن 70 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭەيدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىليون مودىن 60 مىليون موغا كېڭەيدى؛ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1978 - يىلىدىكى 1.03% تىن كۆپىيىپ 2.94% كە يەتتى. بوستانلىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تەرەققىي قىلىپ 14.95% كە يەتتى.

ئەمەلىيەت، ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساس ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشنىڭ شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى گۈزەل، ئېكولوگىيىسى ئۇيغۇن، سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان ياخشى مۇھىتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا گۈزەل ئىستىقبال كۆرسەتكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە گۈللەنگەن، باياشات ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا پۇختا ماددىي ئاساس يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.



**(6) مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش - مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىكى يادرولۇق كۈچ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر سىياسەت - يۆنىلىشلىرىدە ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇش - پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ھالقا. شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختا قەدەمدە ئىلگىرىلەش» يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. تەدرىجىي يولغا قويۇلىدىغان باسقۇچلاردا قەدەمنى كىچىكلىكتىن چوڭايتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاۋۋال نۇقتىدا سىناق قىلىش، كېيىن ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك يۈرگۈزدى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشكە پۇختا ئاساس سالدى.

يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش - پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم قەدەم باسقۇچ. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى سەزگۈر، مۇرەككەپ بولىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا يۈز بەرگەن زور مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا مەلۇم

قىلىش، قول ئۇچىدىلا ئىش قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئۆز
بېشىمچىلىق قىلىشتىن تېخىمۇ ساقلىنىش كېرەك. نەچچە ئون
يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە-
لىك جايلار زور مەسىلىلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومدىن
يوليورۇق سوراش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋە-
تى جەھەتتە ساقلانغان ۋە يۈز بەرگەن بىر قىسىم مەسىلىلەرنى
مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىش، مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي،
بەلكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇ-
رۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈش
رولىنى ئوينىدى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى)
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى



# قوماندان ۋاڭ جېنغا رۇس تىلى تەر-جىمانى بولغان كۈنلەر

شۇ مۇتۇڭ

گېنېرال ۋاڭ جېن شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە دىپلوماتىد-
يە ئىشلىرى بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولغانىدى. بۇنى ئۇنىڭ
شىنجاڭدىكى تارىخىي تۆھپىلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.
گېنېرال ۋاڭ جېنىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى بىلىدىغانلار،
بۇ ھەقتە تىلغا ئالىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. مەن ئۇنىڭ رۇس
تىلى تەرجىمانى بولغان كۈنلىرىمدە، بەختكە يارىشا ئۇنىڭ دىپ-
لوماتىيە پائالىيەتلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىششقا مۇيەسسەر بول-
دۇم. تۆۋەندە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىد-
مەن.

## بىر مىللىي كادىر نەزەرىدىكى گېنېرال ۋاڭ جېن

1949 ـ يىل نويابىرنىڭ ئاخىرى، مەن يولداش سەيپىدىن
ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 10 نەچچە
رەھبىرىي كادىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىن دىخۇاغا (بۈگۈنكى
ئۈرۈمچى) ئۇچتۇق. مەقسەت ـ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد
قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش خىزمىتىگە
قاتنىشىش ئىدى. ئايروپىلان ئايرودرومغا قونغاندا، ئايرودرومدا

يەتتە ـ سەككىزدەك ئادەم تۇراتتى، تۇرقىدىن خىزمەتچىدەك كۆرۈنەتتى. بىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان خەلق ئازادلىق ئارمىيە- سىنىڭ رەھبەرلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇ قانداق گەپ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم ئۆلكە مەركىزى- گە كەلگەن تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراي- مىز؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. مەن ئاشۇ تەشۋىشلىك خىياللار ئىلكىدە تۇرغىنىمدا، ھېلىقى «خىزمەتچىلەر» ئارىسىدىن بىر نەچچە خادىم ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلدى. چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان بىر كىشى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن قول ئېلىشتى ۋە يېنىشلاپ: «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!» دەيتتى. ئۇ قارىماققا ئارا بوي، سەل ئورۇقراق كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ، بىز بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!» دەپ تەكرارلايتتى. بۇ چاغدا سەيپىدىن ئەزىزى بىز- گە:

— بۇ ۋاڭ قوماندان بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى. شۇن- دىلا ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈمدە: «بۇ قانداق بولغىنى»، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن پاختىلىق پەلتۇ كىيگەن كىشى شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى گې- نېرال ۋاڭ جېنمىدۇ؟ بۇ پاختىلىق شەپكە كىيگەن كىشى راس- تىنلا جەڭگاھلاردىكى تۆھپىلىرى ئالەمگە تارالغان، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەننىڭ قوماندانىمىدۇ؟ ئۆڭۈپ كەتكەن خۇرۇم ئاياغ كىيگەن بۇ كىشى راستىنلا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان جۇڭگونىڭ چاپايېۋىمىدۇ؟ ئەقلىمگە ھېچ سىغدۇ- رالمىدىم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ۋىزۋود كوماندى-



رىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى كىيىنىدۇ، دەپ سېلىشتۇرۇپ ئۆلگۈر- دۇم. ئىختىيارسىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆپ يىللار بىللە ئىشلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر ئوفىتسېرنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئىگىلىۋېلىشنىڭلا كويىدا يۈرەتتى، ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنەتتى، شەخسىيەتچى بولۇپ، شىنجاڭلىق كادىرلارنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى؛ ئۇلار يۇڭ رەختتە تىكىلگەن ھەربىي فورما كىيىپ، ئۆتۈكلىرىنى پارقىرى- تىپ ئوردىنلىرىنى تاقاپ كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرەتتى؛ ئۆكتەم- لىك بىلەن كۆرەڭلەيتتى؛ كېچىلىرى مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەر ساقلانغان ئامبارغا كېلىپ، ساندۇق، ئىشكاپلارنى ئۆرۈپ ئاختۇرۇپ، نەق پۇل، قىممەتلىك بۇيۇملار، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار ۋەتىنىگە قايتىدىغان چاغدا مىنىشكە بەرگەن ھۆكۈمەت ئاتلىرىنىمۇ سېتىۋەتكەنىدى. ئۇلار يۇقىرىقى قانۇنسىز ۋاستىلار بىلەن بايلىققا ئېرىشكەنىدى. مەن ج ك پ نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىري كادىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا ئىستىلى، قىزغىن، باراۋەر پوزىتسىيىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلىرىغا سېلىشتۇر- دۇم ـ دە، كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. بۇ نېمىدېگەن روشەن پەرق ـ ھە؟ مەن ئاشۇ خىياللار بىلەن بەنت بولغىنىمدا كۆپچى- لىك پىكاپقا چىقىشقا باشلىدى. ۋاڭ قوماندان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۈچ پىكاپقا ئورۇنلاشتۇردى، بىراق پىكاپلاردا مېنىڭ ئورنۇم يوق ئىدى ··· مەن ۋاڭ قوماندانغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بېرزىنتلىق جىپىغا چىقتىم. ئۇ ئالدىنقى ئو- رۇندا، مەن كەينىدە ئولتۇردۇم. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر نەچچە ئوفىتسېرى مېنىڭ كەينىمدە ئىدى. ۋاڭ قوماندان مېنى كۆرگەن بولسىمۇ، گەپ قىلمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ بىز

قەھرىتان كېچىدە شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ «جەنۇبىي باغچا (نەن-
گۈڭيۈەن)» غا يېتىپ كەلدۇق. گەرچە ھاۋا ناھايىتى سوغۇق،
شامال كۈچلۈك بولسىمۇ، ۋاڭ قوماندان پاختىلىق شەپكىسىنى
چۈشۈرمىگەنىدى. يېرىم يولغا كەلگەندە ئارقىمىزدىن كېلىۋات-
قان جىپتىكى ئوفىتسېرلار قايتىپ كەتكەنىدى. پەقەت بىزلا
جەنۇبىي باغچىغا بارغانىدۇق. بۇ باغچا ئىلگىرى شېڭ شىسەينىڭ
قېيىنئاتىسى جيۇ زۇڭجۈننىڭ «قىشلىق سارىيى» ئىدى. بىز
بۇ يەرگە كەلگەندە تاماق، تۇرالغۇلىرىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ
بولۇنغان ئىكەن. ۋاڭ قوماندان سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىر
ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

## مەركىزىي كومىتېتنىڭ پېشقەدەم كادىرلىرىدىن ئۆ-
گىنىش

بىز جەنۇبىي باغچىدا تۇرغان 10 كۈندىن بۇيان، دىخۇادىكى
ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ قارشى ئېلىش يىغىنلىرىغا داخىل بولۇش-
تىن باشقا، كۆپىنچە يىغىنلار نەنمېن (ئاق قوۋۇق) دا ئۆتكۈ-
زۈلدى. 17 ـ دېكابىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە
شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. خەلق ھۆكۈمىتى
ئۈچ تەرەپ ۋەكىللىرىدىن، يەنى ج ك پ، گومىنداڭنىڭ ھەقى-
قەتكە قايتقان خادىملىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب
تاپتى. قۇرۇلۇش يىغىنى نەنمېندىكى چوڭ بانكىنىڭ ئالدىدا
ھەربىي پارات بىلەن ئاخىرلاشتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر
پىيادىلەر روتىسىمۇ پاراتقا قاتناشقانىدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈ-
مىتى ئىشخانىسى نەنمېن چوڭ بانكىسىنىڭ شەرقىي يان تەرىپى-
دىكى چوڭ قورۇ قىلىپ بەلگىلەندى (ھازىرقى مالىيە نازارىتى
قورۇسى)، بۇرھان رەئىس، گەۋ جىڭچۈن بىلەن سەيپىدىن



ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىل-
لىرىدىن 12 كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى بولدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. مەن يەنە قوشۇمچە ج خ
نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندىم. مەن ۋەزىپىگە
تەيىنلىنىپ ئىككىنچى كۈنى جەنۇبىي باغچىدىن ج خ نازارىتىگە
كۆچۈپ كەتتىم. شۇ چاغلاردا ج خ نازارىتى داشىزىدىكى پوچتا
ئىدارىسىنىڭ شىمالىي كوچىسىدا بولۇپ، ئىلگىرى گومىنداڭ
گارنىزون قوماندانلىق شتابى تۇرغانىدى. بۇ بىر كونا پاسوندىكى
يامۇل بولۇپ، چوڭ ساراي، كىچىك ساراي، ئالدى ـ كەينىدە
ھويلىسى بار قورۇ بولۇپ، ھوجرىلىرى يېتەرلىك، ئەسلىھەلى-
رى بىرقەدەر تولۇق ئىدى. مەن بىر ئېغىز ئىشخانىنى ياتاق
ھەم ئىشخانا قىلدىم. سەل نېرىدا مۇئاۋىن نازىر ليۇ خۇيپىڭنىڭ
ئىشخانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى سەل چوڭراق بولۇپ،
يىغىن ئېچىشقا باب كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ بىر كارى-
ۋات بىلەن بىرلا ئۇستەل قويۇلغانىدى، چۈنكى بۇمۇ ھەم ئىشخا-
نا ھەم ياتاق ئىدى. ليۇ خۇيپىڭ مۇئاۋىن نازىر بولغىنى بىلەن
ئەمەلىيەتتە ج خ نازارىتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە رەھبەر-
لىك قىلاتتى. ئەينى چاغدا نازىرلىقنى شىنجاڭ دېموكراتىيە
ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇلى بولغان ئابلىز مۇھەممىدى ئۈستىگە ئال-
غانىدى. ئۇ ج ك پ گە ئەزا ئەمەس ئىدى. ئۆيى نەنلىياڭدا
بولغاچقا قاتناپ ئىشلەيتتى. ليۇ خۇيپىڭ ماڭا ئوخشاش ئىشخانىدا
يېتىپ ـ قوپاتتى. ئۇنىڭ ئايالى خې جياڭ چوڭ قورۇدا تۇرات-
تى، ئارىلىقى 50 مېتىرمۇ كەلمەيتتى. ئائىلەم غۇلجىدا بول-
غاچقا، ئەلۋەتتە ئىشخانىدا يېتىپ قوپىمەن ـ دە. شۇنىسى ليۇ
خۇيپىڭ ئايالىغا شۇنچە يېقىن تۇرۇپ، بۇ سوغۇق يەردە نېمىشقا
تۈنەيدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم، كېيىن ئۇنىڭ شەنبىدىلا ئايالى-

نىڭ يېنىغا كېتىدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن دەسلەپ بۇ ئىشلارنى
سوراپ يۈرمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام، سىياسىي ـ قانۇن تارماق-
لىرىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن رەئىس گاۋ جىڭچۇن (شۇنداقلا
ج ك پ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن
شۇجىسى) نىڭ ئايالى ئەسلىدە قىسىمدا خىزمەت قىلىدىكەن.
قىسىم شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالىمۇ قىسىم
بىلەن سانجىدا تۇرغان، لىيۇ خۇپىڭنىڭ ئايالىمۇ قىسىم بىلەن
سانجىدا تۇرغاچقا، شەنبە كەلگەندىلا دىدارلىشىدىكەن. كېلىپ
ـ كېتىشتە پىكاپ بولمىسا، چوڭ ئاپتوموبىل چىقىدىكەن،
بىراق گاۋجىڭچۇن ئەزەلدىن پىكاپنى ئايالىنى ئېلىپ كېلىشكە
ئاجراتمايتتى. بىر ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئى-
سى بولغان ئادەم ئايالىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يۆتكىۋالالايت-
تىغۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلمىدى؟ باشقا ئەللەردە مۇشۇن-
داق ئىشنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ گومىنداڭنى قويۇپ تۇرايلى، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئاياللىرى بىلەن داچىلاردا
تۇرمىغانمۇ؟ پاھ، ئەسلىدە بۇ ج ك پ نىڭ پېشقەدەم كادىرلىرى
جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ئومۇملۇق-
نى چىقىش قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىل-
لەندۈرگەن ئېسىل «شەنبىلىك» ئادەتكە قاراڭ! دۇنيانىڭ قايې-
رىدە مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان كىشىلەرنى تاپقىلى بولار؟ مەن ج خ نازارىتىگە كەل-
گەندىن كېيىن تۇنجى قېتىملىق تاماقتا پەقەت لىيۇ خۇپىڭ ئىك-
كىمىزلا بىللە بولغان ئىدۇق. بىر ئاشپەز بىزگە تاماق ئېتەت-
تى. مەن دەسلەپ تاماق ۋاقتىدا لىيۇنىڭ ئايالى كېلىشى مۇم-
كىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. خې
جياڭ نېمىشقا بىز بىلەن تاماقتا بىرگە بولمايدىغاندۇ، دەپ بىز



ئاز چۈشىنەلمەيتتىم. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا لىيۇدىن تۈزۈت
قىلمايلا سورىدىم. ئۇ:
ـ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا
كادىرلار دەرىجىگە ئايرىلغان، تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەپ
ئۈچ خىل تەمىنات ئۆلچىمى يۈرگۈزۈلگەن. خې جياڭ نازىر
دەرىجىلىك كادىر ئەمەس، شۇڭا ئىككىمىز نازىر دەرىجىلىك
مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولساق بولمايدۇ، دېگەنىدى. بۇ ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم، قەلب دەپتىرىمگە پۈكۈۋالغانلىرىم
ئىدى.

قوماندان ۋاڭ جېن ئاددىي ـ ساددا كىيىنەتتى، ئوچۇق
ـ يورۇق ئىدى. لىيۇ خۇپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم كادىرلار كېچە
ـ كۈندۈز ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەيت-
تى، ئۆزلىرى ئۈلگە بولاتتى، ھەتتا تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار
بىلەن بىرلىكتە قار تازىلايتتى، كىيىنىشتە ئاددىي ـ ساددا،
رەتلىك بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى تەكىتلەيتتى، مەن خۇددى
يېڭى بىر دۇنيانى كۆرگەندەك ھاياجانلاندىم. خېلى بۇرۇنلا تەشنا
بولغان كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلگەندەك بول-
دۇم. خېلى بۇرۇنلا ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان سىنىپىي مېلودىيە-
دىن زوقلىنىپ، يىتتۈرۈپ قويغان قېرىنداشلىرىمنى تېپىۋال-
غاندەك، يۇرتۇمغا قايتقاندەك، يېڭىباشتىن دۇنياغا كەلگەندەك
بولدۇم …

بىر خىل خالىس تۆھپە قوشۇشتەك روھقا ئىگە ج ك پ
كادىرلىرىغا تۇنجى قېتىم ئاشۇنداق دۇچ كەلدىم، ئەمدى مەن
قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ماڭا توققۇز تازىم
قىلغاندەك بىلىندى، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ئۇلارغا قاراپ توغرىلان،
قەتئىي بەل باغلاپ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا ئەگىشىپ بىر-

قەدەم - بىرقەدەمدىن ئالغا باس، ھەممىدە ئۇلاردىن ئۆگەن،
ئەيىبىڭنى ئۆزگەرت، ئۆزۈڭگە ئاڭلىق ھالدا قاتتىق تەلەپ قوي،
دەپ خىتاب قىلدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ج ك پ ھەققىدە
بىلىدىغانلىرىم كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئۆتمۈشى،
ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەت، قانۇن - نىزاملار، ماركسىزم
نەزەرىيىسى ئالدىمدا تۇراتتى. ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي
ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ئۆگىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى.
ئەينى چاغدا ئادەتتىكى كادىرلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن
ئىلگىرى سىياسىي ئۆگىنىش قىلىشى كېرەك ئىدى. قىش كۈن-
لىرى تاڭ ئاتماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆگىنىشكە قاتنىشاتتىم.
نازىر دەرىجىلىك كادىرلار بۇ ئۆگىنىشكە قاتناشمايتتى. بىراق
مەن ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتىم.
كېيىن ئاڭلىشىمچە، مىللىي رەھبىرىي كادىرلاردىن پەقەت مەنلا
بۇنداق ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئىكەنمەن. يېرىم يىلدىن كېيىن
مەن ئۆگىنىشتە نەمۇنىچى بولۇپ كۆرسىتىلدىم ھەمدە يېڭىدىن
نەشر قىلىنغان خېلى كۆپ ماركسىزملىق ئەسەرلەرگە ئېرىش-
تىم.

## قوماندان ۋاڭ جېن پارتىيىگە كىرىش مۇراسىمى-
## مىزغا رىياسەتچىلىك قىلغان

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1949 - يىلى 27 - دېكابىر، بۇ يېڭى
يىل ھارپىسى ئىدى. مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدا
گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىش دېلوسىنى بىر تە-
رەپ قىلىۋاتقىنىمدا ج خ نازارىتىدىن تېلېفون كېلىپ دەرھال
نازارەتكە قايتىشىمنى، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى
ئېيتتى. نازارەتكە يېتىپ كەلگىنىمدە نازىر: سىزنى پارتىيىگە



قوبۇل قىلماقچى، بۈگۈن پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يې-
زىپ، جەدۋەل تولدۇرۇڭ، دېدى. بۇ ئىش ماڭا تولىمۇ تاساد-
پىي تۇيۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مەندە پارتىيىگە كىرىش
چۈشەنچىسى بولسىمۇ، بىراق شەرتىمنىڭ توشىدىغان، توشماي-
دىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئىلتىماسنى قانداق يېزىشنىمۇ خەۋ-
رىم يوق ئىدى. مېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش بىر يېرىم
يىلدىن كېيىن مۇمكىن بولىدىغان ئىش، دەپ مۆلچەرلىگەنى-
دىم. ليۇ خۇپىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم،
پارتىيىگە كىرىدىغان بەختلىك مىنۇتلارنىڭ شۇنچە تېز كېلىد-
غانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن. مەن ليۇ خۇپىڭنىڭ كۆر-
سەتمىسى بىلەن ئىلتىماس يازدىم. ئۇ مېنىڭ جەدۋەل تولدۇرۇ-
شۇمغا ياردەملەشتى. ئۇ: كېلىپ چىقىشىڭىز نېمە؟ دەپ سورد-
دى. مەن كېلىپ چىقىشىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.
ئۇ مەندىن قانداق مال - مۈلۈكىڭلار بار؟ دېگەندەك سوئاللارنى
سورىدى. مەن: 39 مو يەر، ئىككى ئات، بىر چوڭ هارۋىمىز
بار. ئىككى ئىنىم دېھقان، شەھەردە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىمىز
بار، دېدىم. ليۇ خۇپىڭ: ئائىلە كېلىپ چىقىشىڭىزنى ئوتتۇرا
دېھقان دېسەك بولىدىكەن، دېدى. مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇ-
چىلار ليۇ خۇپىڭ بىلەن ج خ نازارىتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرى خۇاڭ فۇلىن ئىدى. 1949 - يىلى 30 - دېكابىر كەچ،
شىنجاڭ بيۇرو يىغىن زالىدا پارتىيە تەشكىلى بىزنىڭ پارتىيىگە
كىرىش مۇراسىمىمىزنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى تۇنجى تۈركۈمـ-
دە پارتىيىگە كىرگەن يولداشلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلى-
قىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كادىرلىرىدىن 14 كىشى بو-
لۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىدىن باشقا، ئابدۇللا زاكىروف، ئابدۇراخ-
مان مۇھىتى، ئىسمائىل ياسىنوف، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر

سايرانى، ئابلىمىت مەخستوف، ئەنۋەر جاكولىن، داششاب، شۇ
مۇتۇلۇڭ، دې لىن، مەرغۇب ئىسھاقوف، ئەنۋەر خان بابا ۋە چېن
شىخۇا قاتارلىقلار بار ئىدى.

پارتىيىگە كىرىش مۇراسىمىغا يولداش ۋاڭ جېن رىياسەت-
چىلىك قىلدى. شۆبە بيۇرونىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ قاتناشتى.
يولداش ۋاڭ جېن: سىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غوللۇق
رەھبىرىي كادىرلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو يېڭى
دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، ئۇزاق ئىنقىلابىي كۆ-
رەش داۋامىدا ماركسىزم، لېنىنىزملىق دەسلەپكى ئاڭغا ئىگە
بولدۇڭلار، پارتىيىگە كىرىشنىڭ شەرتلىرىنى هازىرلىدىڭلار.
شۇڭا پارتىيىمىز سىلەرنى ج ك پ نىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا
قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. كاندىدات ۋاقتى بولمايدۇ، بۇنىڭ-
دىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، پارتىد-
يە، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد
قىلىمەن ... دېدى. بىز ئوك قولىمىزنى كۆتۈرۈپ: كوممۇنىزم
ئىشلىرى ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمىز ... دەپ قەسەم
بەردۇق.

كېيىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كاتىپى يولداش دې لىن ما-
ڭا: ئەسلىدە سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدىكى مەزگىلىدە مەن
ئارقىلىق رەئىس ماۋزېدۇڭغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى سۇن-
غانىدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ ئىلتىماسنى تەستىقلاپ يولداش پېڭ
دېخۇەيگە بەرگەن ۋە پارتىيىگە كىرىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئوبدان بېجىرىشنى تاپىد-
لىغان. پېڭ ئاقساقال بۇ ئىشنى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىدىكى
شۇجى ۋاڭ جېنغا تاپشۇرغان ئىكەن، دېدى. ئۇ يەنە: يېڭى يىل
هارپىسىدا پارتىيىگە كىرىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار



قىلىشتا 1949 ـ يىلدىن ھېسابلاش ئۈچۈن، دېدى. مەن شۇندى-
لا بۇنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ
يەتتىم. بۇ بۇرۇلۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟ مەن
پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرغان كۈندىن باشلاپ بە-
زى مەزمۇنلارنى چۆرىدەپ ئويلاندىم. ئەڭ قەتئىي نىيەتكە كەل-
گىنىم شۇ بولدىكى، كونا دۇنيا بىلەن چەك ـ چېگرا ئاجرد-
تىپ، چوقۇم پاك ھالدا پارتىيىگە كىرىش ئىدى. مەن ئىلگىرد-
كى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمنى تەكشۈرۈپ، كوممۇنىستلار-
نىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىزدىدىم، قاي-
تا ـ قايتا ئويلاندىم، ئۈچ يىل ئىلگىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ
رازۋېدكا باشقارمىسىدا باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىزدىكى رازۋېدكا
ۋىزۋوتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قالغان ئاتلارنى خادىملارغا بۆ-
لۈپ بەرگىنىم، مەن باشقارما باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن
ئىككى ئاتنى ئېلىۋالغانلىقىمنى ئەسلىدىم. مەن بۇ مەسىلىلەرنى
پارتىيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى پارتىيىگە تاپشۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇ-
رۇۋېتىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى پارتىيد-
گە كىرىش مۇراسىمىدا ئىپادە بىلدۈرگەندە بۇ ئىشنى ئېيتتىم.
ئۇ چاغدا گەرچە بەزى مىللىي كادىرلار كۈسۈرلىشىپ، قانداقتۇر
بىر نەرسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى، شۇندىلا بىر ئاز يېنىكلەپ
قالغاندەك بولدۇم، كېيىن مەن ھەقىقەتەن بىر ئۆمۈر پاك
ياشىدىم، قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىدىم، ھۆكۈمەتنىڭ، خەلقنىڭ
بىر تىيىنىنىمۇ ئالمىدىم.

## قوماندان ۋاڭ جېنغا تۇنجى قېتىم تەرجىمان بولدۇم

ياش ۋاقىتلىرىمدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ يىل تۇرغاند-
دىم. كېيىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا گېئولوگىيە ئىنىستد-

تۇتىدا ئىككى يىل ئوقۇدۇم ھەم رۇس تىل - يېزىقىنى ئىگىلىدىم. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، غۇلجىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە رۇس سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولدۇم. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە رۇس مۇئەللىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرغاندا ئۇلارغا تەرجىمان بولدۇم، تۇرلۇك ئاممىۋى يىغىنلاردىمۇ ئېغىزچە تەرجىمان بولدۇم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەمنى قولغا ئالدىم. مىللىي ئارمىيە رازۋېدكا باشقارمىسىدا رۇس تىلى تەرجىمانى بولدۇم. شۇ يەردە خېلىلا نامى چىققان رۇس تىلى تەرجىمانى بولۇپ قالدىم، دېسەممۇ بولىدۇ. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكىلەرنى قوبۇل قىلغاندا ئۇنىڭغا تەرجىمان بولدۇم. دىخۇاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ سوۋېت باش كونسۇلى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قائىدە - يوسۇنلۇق يوقلاش بولۇپ، ئۇنىڭغا تەرجىمان بولدۇم. 1950 - يىلى مارت ئېيى بولسا كېرەك، سەيپىدىن ئەزىزى قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن ئىلى رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇلار پىكاپقا ئولتۇرغانىدى. سەيپىدىن ئەزىزى مېنى بىرگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار ئولتۇرغان پىكاپ ئالدىدا ماڭدى، بىز باشقىلار بىلەن ئارقىسىدىن ماڭدۇق. ماناس كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى باشقۇرۇشىدىكى رايونغا كىردۇق، كەچتە جىڭ ناھىيىسىدە قوندۇق. سەيپىدىن ئەزىزى خۇشال ھالدا بىزگە: ۋاڭ قوماندان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپتىكى تاشيولنى گومىنداڭ تىزگىنلەپ تۇرغان رايوندىكى يوللاردىن ياخشى ئىكەن دەپ ئارتۇقچە ماختىۋەتتى، دېدى. غۇلجىغا بېرىپ ئىككىنچى كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ۋاڭ قوماندان بىلەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلايدىغانلىقىنى، مېنى تەرجىمان بولۇپ بېرىشىم-



نى ئېيتتى، بۇ بىر دىپلوماتىيە يوسۇنى ئىدى. ئۇلار ئاساسلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىشلار، ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلار چۈشكەن سوۋېت ئايروپىلانىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. بۇ مېنىڭ ۋاڭ قوماندانغا تۇنجى قېتىم رۇس تىلى تەرجىمانى بولۇشۇم ئىدى.

## قوماندان ۋاڭ جېنغا «خالىس» رۇس تىلى تەرجىمانى بولدۇم

دىخۇاغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، شۆبە بيۇرو ئىشخانىسىدىن كەلگەن تېلېفوندا، ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە شۆبە بيۇروغا كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن شۆبە بيۇروغا بارغىنىمدا باش كاتىپ ياڭ كې: قوماندان سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مېھمانلارنى كۈتۈۋالماقچى، سىز تەرجىمانلىق قىلىسىز، دېدى. سائەت توققۇزلاردا بىر پىكاپ شۆبە بيۇرو قورۇسىغا كىرىپ توختىدى - دە، ئىككى رۇس چۈشتى. بىرى مەن تونۇيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئىدى، يەنە بىرى ماڭا ناتونۇش ئىدى. ۋاڭ قوماندان شۆبە بيۇرو يىغىن زالىدا ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. بۇ يىغىن زالىدىكى نەرسىلەر شېڭ شىسەي دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان شىرە، يۇمشاق كىرسلو بولۇپ، پولدا خوتەن گىلىمى بار ئىدى. مەن شۆبە بيۇرودا ۋاڭ قوماندانغا تۇنجى قېتىم رۇس تىلى تەرجىمانى بولغىنىم ئۈچۈن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلدىم، بۇ تۇنجى قېتىملىق كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. باش كونسۇل ناتونۇش ئادەمنى تونۇشتۇردى (ئۇنىڭ ئىسمىمۇ، موسكۋادىن ياكى بېيجىڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسىدىن كەلگەنلىكىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ)،

ئۇ رەسمىي تونۇشتۇرۇش خېتىنى چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلىدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، چارروسىيە دەۋرىدە روسىيە ئىمپېرىيىسى شىنجاڭدا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلغانىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ بەش كونسۇلخانىنى ساقلاپ قالغان. جۇڭگومۇ باراۋەر ھوقۇق بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بەش كونسۇلخانا قۇرغانىدى. بۇ كونسۇلخانىلارنى شىنجاڭ جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە ۋاكالىتەن خادىملار ئەۋەتىپ باشقۇراتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئارىسىدىكى سودىنى چەكلەپ، ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرىنى تاقىغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىسى بىۋاستە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئىككى ئەل ھۆكۈمەتلىرى بەش كونسۇلخانا توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كەلگەنىدى. بۇ قېتىم ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى كونكرېت ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىكەن. ۋاڭ قوماندان جاۋاب بېرىپ: بۇ ئىشنى مەن بىلىمەن، كونكرېت قانداق قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز، پىكىرىمىز پىشىپ يېتىلگەندە دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز. كېيىن بۇ ئىشلار قانداق ھەل قىلىندۇ، بۇ ماڭىمۇ ئېنىق ئەمەس، دېدى. بىلىشىمچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى بۇرھان شەھىدى تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۇيئوغلى ئۇيغۇر سايرانىنى جۇڭگونىڭ ئالمائاتادا تۇرۇشلۇق تۇنجى



كونسۇللىقىغا تەيىنلىگەن ئىكەن. بۇ شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇ قېتىمقى تەرجىمانلىقتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋاڭ قوماندان بىلەن كۆرۈشىدىغان كىشىلەر كەلگەنلا بولسا، شۆبە بيۇرو ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭ خالىس تەرجىمانى بولدۇم.

## ۋاڭ قوماندانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خادىملار بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالى

ۋاڭ قوماندان سوۋېت دىپلوماتلىرىنى كۈتۈۋالغان ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېرىپ كۆرۈشكەندە بولسۇن، دىپلوماتىيە قائىدىسى ۋە قىياپىتىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئەينى چاغدا ئىچكى قىسىمدا مۇنداق بەلگىلىمە بار ئىدى: دۆلىتىمىز خادىملىرى چەت ئەللىك مۇھىم خادىملار بىلەن كۆرۈشكەندە ئەدەبلىك بولۇشى، كىيىنىشى رەتلىك، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرۇشى كېرەك ئىدى. ۋاڭ قوماندان ھەر قېتىم چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندا قىياپىتىگە يېپيېڭى تۇس بېرەتتى، ئادەتتىكى چاغلاردا كىيىپ يۈرىدىغان كونا ھەربىي فورمىلىرىنى سېلىۋېتىپ قىسىم تارقاتقان قېنىق سېرىق گېنېرال فورمىسىنى كىيەتتى، ساقاللىرىنى پاكىزە قىراتتى. ئۇ بۇ گېنېراللىق فورمىسىنى دىپلوماتىيە سورۇنلىرى بىلەن داغدۇغىلىق يىغىنلاردىلا كىيەتتى. ۋاڭ قوماندان شىنجاڭدا كۆپ يىللار تۇرۇش جەريانىدا، بىر يۈرۈشمۇ سارجا كىيىم ئالماشتۇرۇپ كىيىپ باقمىغانىدى. كونا ھەربىي فورمىسىنى كىيگەندە ئەزەلدىن تاق ياقىلىق كۆڭ-

لىكىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ۋاڭ قوماندان دائىم ئاشۇنداق
ئاددىي ـ ساددىلىقنى سۆيەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتىم،
ئۇنى ھىمايە قىلاتتىم، چوقۇناتتىم.

ۋاڭ قوماندانىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى تۆۋەندىكى تۆت
جەھەتتە بولاتتى: بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن ئوخشاش بېرىش ـ كېلىش
قىلاتتى. بۇنداق ئۇچرىششلار كۆپ بولاتتى، كۆپىنچە ھاللاردا
باش كونسۇل شۆبە بيۇروغا كېلىپ ۋاڭ قوماندان بىلەن كۆرۈ-
شەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر يىلى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىك-
لەش زىياپىتىدىن باشقا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخا-
نىسىغا پەقەتلا ئىككى، ئۈچ قېتىملا بېرىپ قوياتتى. دىپلوماتىيە
قائىدىسىگە ئاساسەن، چەت ئەل كونسۇللىرى ئىش بېجىرگەندە
ئوخشاشلا ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بىراق سو-
ۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى دائىم بىۋاستە پارتىيە رەھبىرى
ۋاڭ قوماندانىنى ئىزدەيتتى. بۇ ئېھتىمال كومپارتىيىنىڭ جۇڭگو
ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغان-
لىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ۋاڭ
قوماندانىنىڭ چاقماقتەك چاققان، ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشى، بىر
ئېغىز گەپ بىلەنلا مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشتەك
خىزمەت ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئومۇ-
مەن، باش كونسۇل كەم دېگەندە بىر قېتىم، كۆپ بولسا بىر
نەچچە قېتىم شۆبە بيۇروغا كېلىپ ۋاڭ قوماندان بىلەن كۆرۈ-
شەتتى، سۆھبەت مەزمۇنى چېگرا ئېغىزلىرى، سوۋېت مۇھا-
جىرلىرىنىڭ ئىشلىرى، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەھۋا-
لى، جۇڭگو ـ سوۋېت ئاۋىئاتسىيىسى (ئەينى چاغدىكى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئالمائاتا ـ غۇلجا ـ ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل خەلقئارا



ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە سوۋېت، شىنجاڭ
سودىسى ئۈستىدە بولاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش بىكىتۈەنگە
زۆرۈر بولغان زور مىقداردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۇرد-
مۇ بار ئىدى. شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونى-
سۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنانىنىڭ باندىت ئوسمان-
نىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ بىلەن چىڭخەي ئەتراپى-
غا قاچقانلىقى، ئەھۋالىنىڭ ئېنىق ئەمەس ئىكەنلىكى توغرىسىدا
بولاتتى. بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن، باش كونسۇل
مەخسۇس كېلىپ ۋاڭ قوماندانغا ماكىنانىنىڭ ھىندىستاندا پەيدا
بولمىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇردى. بىر قېتىم ئەنگلىيىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى تاقاش ۋە ئەنگلىيە مۇھا-
جىرلار مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ سۆھبەتلەشكەنىدى. سوۋېت ئىت-
تىپاقى كونسۇللىرى ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا ياكى ۋەزىپىگە تەيىن-
لىنگەندە ئۇزىتىش، كۇتۇۋېلىشتەك قائىدە ـ يوسۇنلاردىن باشقا،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىمى كەلگەندە بىز تەرەپنىڭ
نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسىغا بېرىپ تەبرىكلەيتتى، زىياپەتتە ۋاڭ قوماندان
بىلەن باش كونسۇل سۆز قىلاتتى. ئەينى چاغدا «بىر تەرەپكە
ئېغىش» تەك سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاچقا، ھەممىدە
جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقى مەدھىيىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا،
سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرىنى نەنسەن ۋە سۇ ئامبارلىرىغا
ساياھەتكە تەكلىپ قىلاتتى. ئىككىنچى، سىرتتىن كەلگەن سو-
ۋېت ئىتتىپاقلىق مۇھىم خادىملار بىلەن كۆرۈشەتتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنى جۇڭگو ـ سوۋېت بەش كونسۇل-
خانىسىدىكىلەرنىڭ ئۇچرىششى ھەققىدىكى مىساللار. ئۇنىڭدىن
باشقا ئۇچرىششلارمۇ بار، ئەمما كۆپىنچىسى يەنىلا قائىدە ـ

يوسۇن خاراكتېرلىك ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، تەخمىنەن
1951 ـ يىلى ياز بولسا كېرەك، شىئەندىن سوۋېت ئىتتىپاقد-
لىق ئىككى ئاۋىئاتسىيە مۇتەخەسسىسى كەلدى. ئۇلارغا ھەمراھ
بولۇپ كەلگەن بىز تەرەپنىڭ خادىمى: ئۇلار شىئەندە ئاۋىئاتسىيە
مەكتىپىنى قۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقلىق ھەربىي مۇتەخەسسىس-
لەر، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىكى مەقسىتى ئايرودروم يەر
شەكلىنى تەكشۈرۈپ بېقىش، دېدى. ۋاڭ قوماندان ئۇلار بىلەن
كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنى باشلاپ باردى. مەن تەرجىمان
بولۇپ باردىم. شۇ كۈنى بىز ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ئۇچ-
تۇق. مەن ئايروپىلاندا رەئىس بۇرھان شەھىدىنىمۇ كۆردۈم.
مەن شۇندىلا قوماندانىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە باشقا ۋەزىپىسى-
نىڭ بارلىقىنى ھۆكۈم قىلدىم. ۋاڭ قوماندان ئايروپىلاندا مۇتە-
خەسسىسلەر بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇردى. ئارىسىدا
«پوسكا» ئىسىملىك بىر مۇتەخەسسىس بار ئىدى، بۇ ئىسىمنىڭ
مەنىسى «زەمبىرەك» ئىدى. ۋاڭ قوماندان مەندىن ئېنىق سو-
رىۋالغاندىن كېيىن، ھېلىقى مۇتەخەسسىسنىڭ مۈرىسىنى قې-
قىپ تۇرۇپ، «پوسكا» (زەمبىرەك) دەپ بىر نەچچە قېتىم
ۋارقىراپ، ئايروپىلاندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئايروپىلان قا-
راماي بىلەن ئېبنۇر كۆلى ھاۋا بوشلۇقىنى بىر نەچچە قېتىم
ئايلاندى، مۇتەخەسسىسلەر ئايروپىلان دېرىزىسىدىن يەر يۈزىنى
كۆزەتتى. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ئۇلار: يەر شەكلى مۇۋاپىق
كەلمەيدىكەن. ئىلى دەريا ۋادىسى كەڭ بولسىمۇ، ھەممىسى
ئېتىزلىق، كەنتلەر زىچ. زامانغا خاس ئايرودروم قۇرۇشنىڭ
تەلىپىگە ماس كەلمەيدۇ، غۇلجا شەھىرىدە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى-
گە كېرەكلىك ئايرودروم قۇرۇشتىن تېخىمۇ سۆز ئېچىش تەس،
دېدى. بۇ قېتىم غۇلجىغا بارغاندا، بىر ئىشنى ۋاڭ قوماندان



كەسكىن ھەم تېز بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ
ئىش مۇنداق ئىدى. بىر كۈنى سۇمۇل ناھىيىلىك (بۇگۇنكى
چاپچال) شىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خې چۈەنشى مېنى
ئىزدەپ كەلدى، ئۇ ماڭا: سىز قۇرغان شىبە ئوتتۇرا مەكتىپى-
نىڭ بىر سىنىپى بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ، لېكىن داۋاملىق
ئۆرلەپ ئوقۇشتا چىقىش يولىمىز يوق. قانداق ئامال تاپساق
بولار؟ دېدى. مەن ئويلىنىپ ۋاڭ قوماندان ياندىكى ئۆيدە تۇر-
سا، نېمىشقا ئۇنى ئىزدەپ باقمايمەن؟ دېدىم ـ دە، بىر پارچە
دوكلات تەييارلاپ ۋاڭ قوماندانغا بەردۇق. ۋاڭ قوماندان دوكلات-
نى كۆرگەندىن كېيىن كونكرېت ئەھۋاللارنى سورىدى ۋە ئارتۇق
گەپ قىلمايلا قەلىمىنى ئېلىپ «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستى-
تۇتىغا ئەۋەتىلسۇن» دېگەن يەتتە خەتنى يازدى. خې چۈەنشى
بىلەن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتۇق. خې چۈەنشى بۇ خۇش
خەۋەرنى تېزراق سۇمۇل ناھىيىسىگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى.
بۇ خەۋەر پۈتكۈل ناھىيىگە تارقاپ، شىبە خەلقىنى شاد ـ خۇرام-
لىققا چۈمدۈردى، ئۇلار «ياشىسۇن پارتىيە، ياشىسۇن ماۋجۇ-
شى! » دەپ شوئار توۋلاشتى. بىز ۋاڭ قوماندانىنىڭ تەستىقىنى
ئېلىپ رەئىس بۇرھان شەھىدىگە كۆرسەتتۇق. ئۇ غۇلجا مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ بارلىق خىراجەتنى چىقىرىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى
ئۆلكە مەركىزىگە يەتكۈزۈپ قويۇش توغرىسىدا تەستىق سالدى.
ئۇلار خې چۈەنشى بىلەن ئېكىجىنتاي قاتارلىق ئىككى ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك
كادىرلار مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كې-
يىن، ئەينى چاغدا مەزكۇر ئىنىستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىپ بولغانلىقى، شىئەندىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنىس-

تىتۇتىغا يۆتكەپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ 40 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى شىئەندە بىر يىل تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇغاندىن كېيىن، شىئەنياڭ ماشىنىسازلىق مەكتىپىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلار مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى كوللېكتىپ تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت غوللۇق تېخنىكا خادىملىرى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىجادىيەتنى پەقەت كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگودىلا تاپقىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ ۋاڭ قوماندانىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. پېشقەدەم شىبەلەر بۇ ھەقتە گەپ بولغاندا، ۋاڭ قوماندانىنىڭ ئەينى چاغدىكى قارارىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدۇ. شۇ قېتىم ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن شىبە ئوقۇغۇچىلار ۋاڭ قوماندانىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمىدى. ئۇلار يېڭى شىنجاڭنىڭ ئېغىر سانائەت قۇرۇلۇشىدا غوللۇق خادىملارغا ئايلاندى. بەزىلىرى ھەرقايسى زاۋۇتلاردا ئىنژېنېر، باش ئىنژېنېر بولدى، يەنە بەزىلەر «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتورى بولغانلارمۇ، ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغانلارمۇ بار.

ئۈچىنچى، ۋاڭ قوماندان شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ قوماندان شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۆبە بيۇرودا كۆرۈشكەندىكى بىر قېتىملىقىدا بار ئىدىم. بۇ 1952 ـ يىلى ئەتىياز ئىدى. مەن تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن شۆبە بيۇروغا باردىم، ئەسلىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇـ



رۇلۇش بىڭتۇەندىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسى ۋاڭ قوماندان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ گېنېرال تاۋ سىيۈ بىلەن كەلگەن ئىكەن. مۇتەخەسسىسنىڭ ئىسمى تېتون بولۇپ، يۇگوسلاۋىيە زۇڭتۇڭى تېتونىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئىسىملارنىڭ روس تىلىدىكى تەلەپپۇزى ئوخشايتتى. ئۇ: شىخەنزە رايونىدا ئەزەلدىن كېۋەز تېرىلمىغان، لېكىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جاينىڭ ھاۋا رايى، تۇپرىقى، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق شارائىتلار كېۋەز تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى دەلىللىدۇق. بۇ بىر قانچە مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە كېۋەزلىك بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار، پەقەت ئېتىز ـ ئېرىق باشقۇرۇشى يېتىشىپ ماڭالىسىلا، مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، دېدى. گېنېرال تاۋ سىيۈ: ئۇلار بۇلتۇر كىچىكرەك كۆلەمدە كېۋەز تېرىپ سىناق قىلدى، ھوسۇل بەرمىدى، مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن، بىر ئاز زىيان بولدى. ھازىر بۇ مۇتەخەسسىس كېۋەزنى كېڭەيتىپ تېرىپ بېرىش تەلىپىنى بەردى، سىناپ بېقىشنى مۇھاكىمە قىلىپ باقساق، بىراق ئىقتىسادىي ئاقىۋىتى ئېغىر، مۇۋەپپەقىيەت ۋە پايدىسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، مەغلۇپ بولساق تارتىدىغان زىيىنىمىز ئېغىر بولۇش ئېھتىماللىقى بولغاچقا، قوماندانىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلدۇق، دېدى. ۋاڭ قوماندان ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سوراپ، ئاخىر بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. بۇ ئىنتايىن زور خەۋپنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىڭلار، دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. نەتىجىدە سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ تەدبىر شىنجاڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شىنجاڭ شۇنىڭدىن باشلاپ مەملىكىتىمىز بويىچە

«ئاق ئالتۇن» بازىلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. بۇنى ۋاڭ قوماندانىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ۋاڭ قوماندان سەپەر ئۈستىدىكى چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشۈشنىڭ كۆپرەكى يەنىلا قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن بولاتتى. بۇ چەت ئەللىك مېھمانلار غەربىي شىمالدا خىزمەت قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، شىنجاڭدىن ئۆتكەندە شۇ جاينىڭ باشلىقى كۈتۈۋالىدىغان بولغاچقا، بۇ ھۆرمىتىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بېيجىڭغا بارىدىغان دىپلوماتلار، سوۋېت خادىملىرىدىن باشقا، پەقەت بىر قېتىم باشقا دۆلەتنىڭ باشلىقى ئۈرۈمچىدە چۈشكۈن قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ 1952 - يىلى يازدىكى ئىش ئىدى. ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرو سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇپ ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە، شىنجاڭدىن ئۆتتى. ج خ مىنىستىرلىكى خېلى بۇرۇنلا تېلېگرامما ئارقىلىق بىزگە ئۇقتۇرغانىدى. مەن بىخەتەرلىك خىزمىتى بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. مەن نېھرونىڭ شىنجاڭدىن ئۆتۈشتىكى مەقسىتىنى بىلمەيتتىم، بىراق شۆبە بيۇرو ج خ نازارىتى تەمىنلىگەن قەشقەردىكى ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ساندىن قارىغاندا، ئۇ ئەنگلىيە پۇقرالىرىنى ھىندىستان پۇقراسىغا ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ئىگىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنى قارشى ئېلىش زىياپىتىگە سوۋېت كونسۇلىمۇ قاتناشتى، مەن زىياپەتتە مەن رۇس تىلى تەرجىمانلىقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم.

يۇقىرىقىلار ۋاڭ قوماندانغا رۇس تىلى تەرجىمانى بولغان چاغدىكى ئەھۋاللار.



## قوماندان ۋاڭ جېن تۈرمىدە رۇس تىلىنى بىلىدىغان تالانت ئىگىسىنى بايقىغان

بۇ رۇس تىلىغا ئالاقىدار ۋەقە 1952 - يىلى بولغانىدى. بىر كۈنى قوماندان ۋاڭ جېننىڭ رەپىقىسى ۋاڭ شيۇ ج خ نازارىتىگە مېنى ئىزدەپ كەپتۇ، ئۇ قاماقتىكى جىنايەتچى ليۇ دېيېننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى ئىكەن. ليۇ دېيېن شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، مانجۇ ئىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئۆلكىلىك روسچە قانۇن - سىياسىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، رۇس تىلى ئاساسى پۇختا ئىدى. كېيىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كونسۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن. رۇس قىزى لىزا بىلەن توي قىلىپ، ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغانىدى. كېيىن ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ يىل خىزمەت قىلىپ، رۇس تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندا، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندا، ئەنگلىيىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىر ماتېرىياللىرىنى تەمىنلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن باشقىلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن قولغا ئېلىنغان. مەن چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇنى ناھايىتى پىششىق تونۇيتتىم. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىمىز قىيىنچىلىقتا قالغان چاغلاردا، ئۇ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن، شۇڭا ئۇ مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى. ۋاڭ قوماندانىنىڭ رەپىقىسى ئەينى چاغدا شىنجاڭ رۇس تىلى تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى ئىدى. رۇس تىلى تېخنىكومى يېڭى

قۇرۇلغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقلىق سەككىز ئوقۇتقۇچى
تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىشىغا
مەلۇم قىيىنچىلىق تۇغۇلغان، خىزمەتمۇ تازا دېگەندەك قانات
يايمىغانىدى. ئۇ ليۇ دېيېننىڭ رۇس تىلىدا ناھايىتى ياخشى
ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولغانىدى. مەن
كۆڭلۈمدە ليۇ دېيېننىڭ تۇرمىدىن چىقىپ خىزمەت قىلىدىغاز-
لىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولسامۇ، بىراق ئۇ تۇرمىدىكى جىنا-
يەتچى بولغاچقا، بىر نېمە دېيەلمەيتتىم ... شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ
شيۇغا: بۇ ئىشنى بېجىرگىلى بولىدۇ، ۋاڭ قوماندانىنىڭ باغاق-
چىسى بولسىلا كۇپايە ... دېدىم. ئىككىنچى كۇنى مەن ئۇستى-
لىمدە ۋاڭ قوماندانىنىڭ ئىرماش - چىرماش يېزىلغان باغاقچى-
سىنى كۆردۇم. مەن ليۇ دېيېننى چاقىرتىپ كېلىپ سۆھبەت-
لەشكەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم قىلدىم ۋە ۋاڭ
خانىمغا تىزىمغا ئالدۇردۇم.

## قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈ-شىم

1953 - يىلى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چوڭ كۆلەمدىكى بىر
خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ چاقىلىققا ئەۋەتىپ، چىڭخەيدى-
كى قازاق چارۋىچىلاردىن ھال سورىدى. مەن بۇ ئۆمەكنىڭ
باشلىقى بولدۇم. بۇ چارۋىچىلار ئەسلىدە شىنجاڭنىڭ ماناس،
قۇتۇبى ناھىيىلىرىدىن بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى چىڭخەيگە
قېچىپ كەتكەنىدى، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلار دائىم چاقىلىقتى-
كى چارۋىچىلىق رايونىغا كېلىپ چارۋىلارنى بۇلايتتى. شىن-
جاڭ، چىڭخەي ئىككى ئۆلكىنىڭ چەت رايونلىرىدىكى ئېگىز،
ھاۋا سوغۇق، ئادەم ئايىغى باسمىغان 800 كىلومېتىرلىق دائى-



رىدە پەقەت ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسىم چېگرا گازارمى-
سىلا بار ئىدى. قىسىملارنىڭ ماسلىشىشى بولمىسا، خىزمەت
ئۆمىكىمىز ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايتتى. شۇڭا مەن ۋاڭ قومانىنى
ئىزدەپ باردىم. ئۇ بۇ چاغدا شۆبە بيۇرودىن شىنجاڭ ھەربىي
رايونى بىناسىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى
دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى. بۇ
خەت بولغاندىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىمىز تۇرۇشلۇق قى-
سىملارنىڭ قاتناش، تاماق، ياتاق، ھەتتا يول باشلىغۇچى،
تۆگە، ئات قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا
ئېرىشتۇق. شۇنداق قىلىپ، قازاق چارۋىچىلارغا نەسىھەت قى-
لىش، قايىل قىلىش خىزمىتىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى.
بۇ مېنىڭ قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈ-
شۇشىم بولۇپ قالدى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-
تىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)

**ئەھمەت راھمان** تەرجىمىسى

# 50 ـ يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بانكا خىزمىتى توغرىسىدا ئەسلىمە

ياڭ چى

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، مەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەكىلى سالاھىيىتىدە قەشقەردىكى كونا سودا بانكىسىنى باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدىم. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە خەلق بانكىسى قەشقەر مەركىزىي شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىنى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ بانكىسىنىڭ نازارەتچىلىكىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونى شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەنىدىم. ئەينى يىللاردىكى جەڭگىۋار مۇساپىنى ئەسلەپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش ـ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزغا ئىلھام بولغۇسى.

## 1. دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت

شىنجاڭ 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. بىز غەربىي شىمال خەلق دالا ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ كورپۇسى گەنسۇ جيۇچۈەندىكى خۇيگېبىدىن غەربكە ئاتلىنىپ قۇمۇل، تۇرپانغا كەلدۇق. تەڭرىتاغ ئېتىكىنى بويلاپ جەنۇبىي



شىنجاڭغا باردۇق. بىز تارىمدىن ئېشىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار ـ قەدىمىي قەشقەرگە كىرگەن پەيتىمىز 1949 ـ يىلىنىڭ نويابىرىغا، زېمىستان قىش پەسلىگە توغرا كەلگەن ئىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىقنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمۇ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالدى. ئەمما تەبرىكلەشتىن كېيىن دۇچ كەلگىنىمىز زېمىستان سوغۇقتىنمۇ بەتتەر ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بولدى.

### بىرىنچى، ماددىي ئەشيا قىس بولۇپ، مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتاتتى، پۇل مۇئامىلە بازىرى قالايمىقان ئىدى

بىر تاختا چاينى 4 ـ 5 تۇياق قويغا تېگىشكىلى بولاتتى. بازاردا ئالتۇن، كۈمۈشتىن باشقا، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان «كۈمۈش پۇل چېكى»، ئۇرۇمچىدە قۇيۇلغان سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگە، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇيۇلغان «تيەنگاڭ» كۈمۈش پۇلى، سوۋېت ئىتتىپاقى رۇبلىيسى (مېتال پۇل)، سىرتتىن كىرگەن ساختا فابى پۇلى، ساختا تىللا، «يۈەنداتو» (يۈەن شىكەي) ھەمدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تارقاتقان «قەرەللىك چەك» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوبوروت قىلىنىۋاتاتتى. بەزى جايلاردا ھەتتا چاي، ماتا، ئاشلىق بىلەن باھا ئۆلچىنەتتى، مالغا مال ئالماشتۇرۇلاتتى. مەركەز شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاقىتىنچە شىنجاڭدا خەلق پۇلىنى تارقاتماسلىقنى قارار قىلدى. «كۈمۈش پۇل چې-

كى» نى شىنجاڭ دائىرىسىدە داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل قىلدى. بىر يۈەن «كۈمۈش پۇل چېكى» گە بىر كۈمۈش تەڭگە ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە كۈمۈش پۇلنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، «كۈمۈش پۇل چېكى» بارغانسېرى پاخاللىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەسىلەن، 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر يۈەن كۈمۈش پۇل بەش يۈەن «كۈمۈش پۇل چېكى» گە ئالماشتۇرۇلدى، 5 ـ كۈنگە كەلگەندە بولسا 9 يۈەن «كۈمۈش پۇل چېكى» گە توغرا كەلدى. 7 ـ كۈنگە كەلگەندە 15 يۈەنگە، 9 ـ كۈنگە كەلگەندە 20 يۈەنگە چىقتى. ئەينى چاغدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن ئىگىلىشىمچە، مىنگونىڭ دەسلەپكى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە قەغەز پۇل تارقىتىلغان بولۇپ، پۇل قىممىتى كۈمۈش پۇلنى بىرلىك قىلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىمۇ قەغەز پۇل تارقاتقان. ياڭ، جىنلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار تارقاتقان پۇلمۇ ئەمەلدىن قالغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇلارنى شېڭ شىسەينىڭ مالىيە باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن تارقىتىلغان پۇلمۇ پاخاللاشقان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تارقىتىلغان ئۆلكە پۇلى (يېڭى پۇل) نىڭ 1949 ـ يىلى 4 ـ 5 ـ ئايلاردىكى ئەڭ ئاخىرقى سوممىسى بىر ۋارىقىنىڭ 600 مىليون يۈەن، 3 مىليارت يۈەن، 6 مىليارت يۈەنلىكلىرىگىچە بولغان. گومىنداڭنىڭ فابىسمۇ شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، 1949 ـ يىلى يەنە زور مىقداردا ئالتۇن پۇل چېكى كىرگەن ئىدى. مىنگودىن بۇيانقى شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن 4 ـ قېتىملىق پۇل بۇلاڭ ـ تالاڭ قەغەز پۇلنىڭ كۈرسىنى چۈشۈـ



رۇۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاز بىر بۆلەك ئىسيان كۆتۈرگەن ئەكسىيەتچىلەر ھىندىستانغا قاچقىچە، قەشقەردە نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش پۇل سېتىۋالغان، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان مەككار سودىگەرلەر كۈمۈش پۇل ئەتكەسچىلىكىگە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، قەغەز پۇلنى تېخىمۇ پاخاللاشتۇرۇۋەتكەن.

كۈمۈش پۇل قىممىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىپ، ھەرقايسى قاتلامدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تەھدىت پەيدا قىلدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر بۇگۈنى بىر قوي سويۇپ ساتقان بولسا، ئەتىسى قوي سېتىۋالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالاتتى، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر 20 يۈەن مائاشىغا ئاران 10 نەچچە جىڭ ئۇن سېتىۋالالايتتى.

## ئىككىنچى، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشى راۋان ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى كەمچىل، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئەۋج ئالغان

پۇل بەك مۇقىمسىز بولغاچقا، سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممەت ئىدى. دېھقانلار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇراتتى. بازار سودىسى خارابلاشقان بولۇپ، دېھقانلار بىلەن قول سانائەتچىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئەۋج ئالغان ئىدى. نامرات دېھقانلار بىر كۈرە بۇغداي ئۆتنە ئالسا، بىر يىلدىن كېيىن ئەسلىدىكى 20 جىڭ بۇغدايىنى 26 جىڭ قىلىپ قايتۇراتتى؛ 10 كۈمۈش تەڭگە ئۆتنە ئالغان بولسا، بىر ئايدىن كېيىن 12 دىن 13 كۈمۈش تەڭگىگىچە پۇل قايتۇراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش

پائالىيىتى شەھەرگە ۋە يېزا بازارلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئەمما قەغەز پۇل شەھەردىلا ئوبوروت قىلىناتتى، يېزا بازارلىرىدا بىردەك «تيەنگاڭ» پۇلى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىناتتى. بۇ هال شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالاقىسىنى توسۇپ قويغان ئىدى. قول سانائەت مەبلىغى ۋە خام ئەشياسى كەمچىل ئىدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى يېتىشمەيتتى، ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ قىلىش قىيىن ئىدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەسلىدىلا ناھايىتى تۆۋەن بولغان ئىقتىسادنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

### ئۈچىنچى، مىللىي زىددىيەت كۈچلۈك بولۇپ، فېئودال كۈچلەر بازارنى كونترول قىلاتتى

شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنى ئېزىش، كەمسىتىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشلىرى مىللىي زىددىيەتنى تولىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئازادلىق ئىشقا ئاشقان، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، سىرتتىن كەلگەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشى يەنىلا قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك زېمىندار، بايلار، ئەكسىيەتچى دىندار ئاخۇنلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئالاھىدە ھوقۇقى بار بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ بازارنى كونترول قىلىپ تۇراتتى.

### تۆتىنچى، بانكا ئاپپاراتلىرى بەك ئاز، خادىملىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل، كەيپىيات ناچار ئىدى



گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ كونا سودا بانكىسى پەقەت قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت جايلاشقان شەھەر ـ بازارلارغا تەسىس قىلىنغان ئىدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قاغىلىق، كۇچا قاتارلىق چوڭراق ناھىيىلەرگە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن ناھىيە، رايونلاردا بانكا ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاننىڭ ئۈستىگە بانكا خادىملىرىنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. بىز ئۆتكۈزۈۋالغان قەشقەر كونا سودا بانكىسىدا 30 لا ئادەم بار ئىدى. ئىشلەۋاتقان خادىملار ئۇزۇنراق ئىشلىيەلمەي قېلىشىدىن، ئىشسىز قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى. ھەممىسى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بولغاننىڭ ئۈستىگە، خېلى بىر قىسىم ئادەمنىڭ ئەپيۇن چېكىش، كەچلىرى قىمار ئويناشتەك ئىللەتلىرى بار ئىدى، ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرمايتتى، روھىي ھالىتى بەكمۇ بوش ئىدى.

## 2. جەڭگىۋار مۇساپە

1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئارقىدىن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر مەركىزىي شۆبە بانكىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، كونا سودا بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى بىلەن 5 ـ 6 يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق قەشقەردىكى خەلق بانكىسى پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، مال باھاسىنى مۇقىملاش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى قول-

ـلاپ، ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى ناھىيە، رايونلاردا تارماق بانكا
ۋە تىجارەت ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، بانكا ئاپپاراتلىرى شەھەر ـ
يېزىلارنى قاپلىدى.
1955 ـ يىل 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى-
نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەلق بانكىسىنىڭ جەنۇبىي شىن-
جاڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىمۇ قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆت-
مەي يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي شۆبە بانكىسىغا ئۆزگەرتى-
لىپ، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى 3 مەركىزىي تارماق با-
نكىنى ھەم ئەسلىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 10 ناھىيە، شەھەر
تارماق بانكىسىنى باشقۇرىدىغان بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تار-
ماق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋا-
قىتتا زور كۈچ بىلەن مەبلەغ توپلاپ، تۈرلۈك قەرزلەرنى تارقات-
تى. يېزا ئامانەت قەرز ھەمكارلىق ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قوللاش، سوتسىيالىستىك
ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھىم تۆھپە
قوشتى.

**بىرىنچى، كۈمۈش پۇل ھايانكەشلىكىگە زەربە بې-
رىپ، مال باھاسى تىزگىنلىنىپ، پۇل بىرلىككە كەلتۈ-
رۈلدى**

قەشقەردىكى خەلق بانكىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە،
1950 ـ يىل 3 ـ ئايدىن ئىلگىرى بىر مەزگىل بىر يۈەن قەغەز
پۇلغا بىر دانە كۈمۈش تەڭگە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى
ئېلان قىلىنىش بىلەن، ئامما باس ـ باس بولۇپ كەتكەن ئىدى.



ئەمما كۈمۈش تەڭگىنىڭ خەزىنىدىكى زاپىسى چەكلىك بولغاچقا
بۇ تەدبىر ئۇزۇنغىچە داۋام قىلالمايتتى. ئەينى چاغدا مەن ئالاقى-
دار ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدىن باشلاپ قەشقەردە قۇيۇلغان تىيەنگاڭ پۇلىدىن بىر
مىليون يۈەن، ئۇرۇمچىدە قۇيۇلغىنىدىن 500 مىڭ يۈەن بارلى-
قىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنىۋاتقان كۈمۈش تەڭ-
گىنىڭ بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان
ئىدىم. بۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى زېمىندارلار،
بايلار، يۇقىرى دىنىي زاتلار ھەمدە سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئى-
دى. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كۈمۈش تەڭگىنىڭ قىممىتى
ئېشىپ، 40 يۈەن قەغەز پۇلغا بىر كۈمۈش تەڭگە ئالماشتۇرۇ-
لىدىغان دەرىجىگە يەتتى، مال باھاسىدىكى داۋالغۇشمۇ ئىنتايىن
چوڭ ئىدى. بىر قىسىم مەككار سودىگەرلەر قولىدىكى كۈمۈش
تەڭگىگە مال كىرگۈزۈپ، زور پايدىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن
قەشقەردە بىر مەيدان كۈمۈش تەڭگىنىڭ باھاسىنىڭ ئېشىشىنى
تىزگىنلەش دولقۇنى ۋە كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئوبوروتىنى بىكار
قىلىش كۈرىشى قوزغالدى.
كۈمۈش تەڭگىنىڭ قاراڭغۇ بازاردا باھاسى ئۆرلەپ كېتىش-
نى تىزگىنلەش ئۈچۈن يولداش ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونىغا 500 مىڭ كۈمۈش تەڭگە ئاجراتتى. بۇنىڭ
200 مىڭ تەڭگىسى قەشقەرگە، 100 مىڭ تەڭگىسى ئاقسۇغا،
100 مىڭ تەڭگىسى خوتەنگە، 100 مىڭ تەڭگىسى يەكەنگە بۆلۈپ
بېرىلدى. 1950 ـ يىلى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ
كورپۇسىدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ 80 مىڭ يۈەن
قوشۇمچە يېمەكلىك خىراجىتى بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى

تۇراقلاشتۇرۇشتىكى زاپاس پۇل قىلىشىغا بېرىلدى. جەڭچىلەر كۆكتات سېتىۋالماي تۇز قوشۇلغان سۇ ئىچىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنى تېجەپ، ئەكسىيەچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە ياردەم بەردى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا بانكا قەرەللىك ھالدا ۋېۋىسكا ئېسىپ پۇل ئالماشتۇرۇپ تۇردى. سودا شىركىتى بىلەن قىسىمنىڭ ھەربىيلەر كوپېراتىپى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋېلىپ، كۈمۈش تەڭگىنىڭ باھاسىنى ناھايىتى تېز لا تۆۋەنلەتتى. قەشقەر كۈمۈش تەڭگىسى بىلەن قەغەز پۇلنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى 1 : 22 دىن 1 : 11 گە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئەزاسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودا ئورۇنلىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىيلەر ھەمكارلىق كوپېراتىپى كۆچمە سودا گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، چەت، يىراق يېزا ـ كەنتلەر، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ مال ساتتى، مۇۋاپىق باھا بويىچە ئادىل سودا قىلدى. خەلق بانكىسى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز بەردى، ئۆز جايىدا مال مەنبەسىنى تەشكىللىدى، يەنە كېمەيتمە باھالىق زايومدىن 50 مىڭنى ساتتى. بايلار، ئاخۇنلار ۋە زېمىندارلارنىڭ سېتىۋېلىشى شەرت قىلىندى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن پۇل يىغىلدى، مال باھاسىمۇ تېز مۇقىملاشتى. مال باھا گۇرۇپپىسى بارغاندىن كېيىن، بىر قوينىڭ باھاسى 4 تاختا چايغا توغرا كېلىدىغان بولغان، قوينىڭ باھاسى 15 ھەسسە ئۆسكەن بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشقان. ئامما ئىنتايىن رازى بولۇپ،



كومپارتىيە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىدۇ، دەپ مەدھىيە ئوقۇشقان.

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مالىيە يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، بارلىق ھۆكۈمەت كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىدا كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىش چەكلەندى، باج ئىشلىرىدىمۇ كۈمۈش پۇل قوبۇل قىلىنمىدى. كۈمۈش پۇل تېزلىكتە ئوبوروت ساھەسىدىن چېكىندى. ئۇنى بانكا بىر تۇتاش پۇلغا ئالماشتۇردى. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بانكىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرچە خېتى بار خەلق پۇلى تارقىتىپ، ئىلگىرىكى قەغەز پۇلنى يىغىۋالدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كونا قەغەز پۇل ئوبوروتتىن توختىدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتى.

## ئىككىنچى، بازار كەسپى قانات يايدۇرۇلۇپ، پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، بازارنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سودا ئاساسلىقى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن بولىدۇ. جايلاردىكى بازارلار گەرچە بىردەك بولمىسىمۇ، ئەمما ئاساسەن ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىپ سودا قىلىنىدۇ. بانكا بازاردا ئامانەت قويۇش، ئېلىش ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش، ئېلىش، قوشۇمچە پۇللارنى ئالماشتۇرۇش كەسپلىرىنى بېجىردى ھەمدە ئاشلىق ۋە تەمىنات ـ سودا تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق

ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشغا ياردەم قىلدى.
بانكا سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، مال
ساتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ مال سېتىۋالغان دۆلەت ئىگىلىك-
ىدىكى ماگىزىنلارنىڭ شۇ كۈندىكى مال پۇلىنى قايتۇردى. بۇ
ئارقىلىق پۇلنىڭ ۋاقتىدا قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئامم-
ىنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

نەق پۇلسىز ھېساباتنى كېڭەيتىپ، نەق پۇلنىڭ ئىشلىتى-
لىش مىقدارىنى ئازايتىش ئۈچۈن، خەلق بانكىسى 1952 ـ يىلى
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى،
ئورگانلار، ھەربىي قىسىم قاتارلىقلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشى-
نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. بانكا خىزمەتچىلىرى ئۆزى
تۇرۇشلۇق جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، خۇسۇسىي كارخانىلار،
كەسپىي ئورۇنلار ئىشلىتىدىغان نەق پۇل مىقدارىنى ھەممىدە خە-
زىنىدە ساقلىنىدىغان پۇل مىقدارىنى بېكىتىپ، نەق پۇلنىڭ
ئىشلىتىلىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى، پۇلنىڭ بازاردىكى ئو-
بوروتىنى تەڭشەپ، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىشىشىنى ئىلگىرى
سۈردى.

## ئۈچىنچى، پۇل ئامانىتى جەلپ قىلىنىپ، تۈرلۈك قەرز تارقىتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە تاۋار ئوبوروتى زور كۈچ بىلەن قوللاندى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي نوپۇسى 3
مىليون 440 مىڭ ئىدى. 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ 4 ۋىلايەت، 33 ناھىيە، شەھىرىدىكى تارماق بانكى-
لاردا ئامانەت قويۇلغان شەھەر ـ بازارلار پۇل ئامانەت قالدۇقى
27 مىليون 880 مىڭ يۈەن، يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل



20 مىليون 380 مىڭ يۈەن، كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇل
24 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئورگانلار ئامانەت قويغان پۇل
28 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، جەمئىي 100 مىليون 11
مىڭ 800 يۈەن ئامانەت قويۇلغان؛ تۈرلۈك قەرز قالدۇقلىرى
37 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە: سودا قەرز
پۇلى 19 مىليون 310 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق
قەرز پۇلى 8 مىليون 80 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقان-
چىلىق مەيدانلىرى ئالغان قەرز 5 مىليون 890 مىڭ يۈەن،
قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز 4 مىليون يۈەن. تۈرلۈك قەرز-
لەرنىڭ تارقىتىلىشى يېزا ـ بازارلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇ-
رۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپ-
چىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينى-
دى. 1949 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي
مەھسۇلاتى بىر مىليارد 25 مىليون 700 مىڭ جىڭ بولۇپ،
كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 354 جىڭدىن توغرا كەل-
گەن. 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى
بىر مىليارد 806 مىليون 460 مىڭ جىڭغا يەتكەن بولۇپ،
76.2% ئاشقان. كىشى بېشىغا 525 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛
پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 9 يىلدا 38 مىليون 960 مىڭ
جىڭغا يەتكەن بولۇپ، 5 . 4 ھەسسە ئاشقان؛ مال ـ چارۋا 3 .
1 ھەسسە كۆپەيگەن.

## تۆتىنچى، يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوند قەرزى تارقىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ھەمكارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى

1954 ـ يىل 2 ـ ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق سىناق نۇقتىلىرىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونىدىكى 6 يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ سىناق نۇقتا خىزمىتى تاماملىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن ئورۇندىلىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن جەمئىي 1247 سى قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 81.2% ىنى ئىگىلىدى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نامرات دېھقانلارغا زور مىقداردا قەرز بەردى، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئارقىلىق قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئەھۋاللىرىغا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى.

نامرات دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتنىشىشىنى قوللاش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى بانكىلار 1956 ـ يىلى ئەتىيازدا 4400 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى 83 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق نامرات دېھقانغا ۋە تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقان كوپېراتىپ ئەزاسىغا نامرات دېھقانلار ھەمكارلىق فوندىدىن 2 مىليون 566 مىڭ يۈەن قەرز بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بۇ قەرز پۇلنى «سوتسىيالىزمغا بېرىشتىكى يول كىراسى» دەپ ئاتاپ، «كومپارتىيە سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، يول كىراسىغا قەرز بەردى، بىز ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ياخشى باشقۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدۇق»



دېيىشتى.

## بەشىنچى، كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، كادىرلارنى تەربىيىلەش، ھەر مىللەت پۇل مۇئامىلە كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. قىسقا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئاپپاراتلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، كادىر كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. جايلاردا خەلق بانكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېپقېلىنغان ئەسلىدە بار كادىرلار بىلەن شۇ يەردىن مىللىي كادىرلارنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن كادىر يۆتكەپ كېلىندى ۋە بۆلۈپ بېرىلدى. غەربىي شىمال خەلق ئىنقىلابىي ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر تۈركۈم كادىر تەقسىملىنىپ كەلدى. شەندۇڭ، سەنشى، خېبېيلاردىن ۋەزىپىدىكى شۆبە بانكا باشلىقىدىن 30 نەپىرى يۆتكەپ كېلىندى. غەربىي شىمال مالىيە ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومىدىن بىر تۈركۈم خادىم تەقسىملىنىپ كەلدى. شەرقىي جۇڭگو پۇل مۇئامىلە خىزمەت ئەترىتىدىن بىر تۈركۈم خادىم يۆتكەپ كېلىندى، ۋۇخەندىن بىر تۈركۈم خۇسۇسىي ماگىزىندا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن خادىملار ۋە جەمئىيەتتىكى ياشلار قوبۇل قىلىندى، چاڭجۇ، شەنشىلەردىن بىر تۈركۈم ياشلار قوبۇل قىلىندى. شاڭخەي، جياڭسۇ، سۇجۇلاردىكى بانكا مەكتەپلىرىدىن بىر تۈركۈم ئادەم تەقسىملىنىپ كەلدى. گۇاڭجۇ، ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن قوبۇل قىلىنغان كادىرلار ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كادىرلارمۇ بانكا سىستېمىسىغا

تەقسىملەپ بېرىلدى. بۇ كادىرلار جاي ـ جايلاردىن كەلگەن
بولۇپ، ھەممىسى پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەنـ
نىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسى بىلەن، 10 مىڭ
چاقىرىملاپ يوللارنى بېسىپ ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرىسىغا كەلـ
گەن ئىدى.

ھاياتىي كۈچكە تولغان، تۈركۈملىگەن بۇ ئاكتىپ ياش
كادىرلار قوشۇننى قانداق قىلىپ ياخشى يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ
سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنى
ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش، ئۇلارنى تەربىيـ
لەش، ياردەم بېرىش، كەسپىي سەۋىيىنى تېز ئىگىلەش، كەسـ
پىي ئىقتىدار سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەنۇبىي شىنجاڭـ
نىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇب
بولۇشىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنـ
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ باغلىق بولۇپ، بۇ شەكسىزكى ئالـ
دىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇھىم جىددىي سىياسىي ۋەزىپە ئىدى.
بىز پارتكومغا، ئاممىغا تايىنىپ، نۇرغۇن، جاپالىق، ئىنچىكە
ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، ئىتتىپاقلىشىش
ـ تەربىيىلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىـ
نى تولۇق قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى كونكرېت خىزمەتتە
جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. يېڭى كادىرلارـ
نىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ
جاينىڭ تۇرمۇش ئادىتىگىمۇ تەدرىجىي كۆنۈپ قالدى.

جاي ـ جايلاردىن كەلگەن بۇ كادىرلار چېگرا رايوننىڭ پۇل
مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىستىكىگە ئىگە، كۆتۈـ
رەڭگۈ روھلۇق، كەسپچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئورتاق ئالاـ
ھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چوڭ،



ئوتتۇرا شەھەرلەردە تۇغۇلغانلار بولۇپ، چېگرا رايوننىڭ تۇرـ
مۇش ئادىتى ئىچكىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، خىزمەت
ۋە تۇرمۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدـ
دى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ياش بولۇپ 10 نەچچە ياشتىن
20 نەچچە ياشقىچە ئىدى، مۇھىت پەرقى بەك چوڭ بولغاچقا،
ئىدىيە، كەيپىيات جەھەتلەردە تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلىشىمۇ
مۇقەررەر ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى يېتەرسىز
بولغانلىقتىن «قىيىنچىلىق ئۆتكىلى» دىن ئۆتۈش ـ ئۆتەلمەسـ
لىكتەك رېئال مەسىلە مەۋجۇت ئىدى؛ يىراقتىكى ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرىنى، يۇرتىنى سېغىناتتى؛ يەنە نىكاھ مەسىلىسىنى
ۋاقتىدا ھەل قىلالماسلىقتەك باش قېتىنچىلىقىمۇ بار ئىدى.
«چۆل ـ جەزىرىدە راھىب بولدۇق» دەيدىغانلار بار ئىدى، يەنە
بەزىلىرى: «شاڭخەيدىكى 3 كە قارشى، 5 كە قارشى ھەرىكەت
ئىدىيىمىزدىن ئۆتتى، ئاقچا قولىمىزدىن كەتتى» دەيتتى. شەنـ
دۇڭلۇق بىر ئايال يولداش: «مەن بىر تال غول پىياز، تۇغۇلـ
دۇم شەندۇڭدا، ئىنقىلابىي قىسىم ماڭا ئېھتىياجلىق بولغاچقا،
شىنجاڭغا بار دېدى، ۋاي قانداق قىلاي، ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى»
دېگەنىدى. بەزىلەر خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن كەلگەـ
نىگە پۇشايمان قىلغان ئىدى؛ بەزىلەر جاي ـ جايلاردىن كەلگەن
كادىرلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ماھىر ئەمەس ئىدى؛ بەزىلەر
رەھبەرلەر بىلەن ئازارلىشىپ قالغان؛ بەزىلەر يەرلىك تىلنى
بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمىگىنىگە
چېچىلاتتى؛ يەنە بەزىلەر غايىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنىڭ قىيىنلىـ
قىدىن كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ يەنە
بەزىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن نىشانى
مۇجمەل ئىدى، ۋاھاكازالار. ئومۇمەن، تۇرلۇك مۇرەككەپ

ئىدىيە مەسىلىلىرى كۆپ كۆرۈلگەن ئىدى. بارلىق مەسىلىلەر-
گە قارىتا مەندە ئۇلار يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە (ئىدىيىۋى
مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر) كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش
كېرەك، ھەر بىر كىچىك ئىش توغرىلىقمۇ ئۇلار بىلەن كۆپرەك
پىكىرلىشىش، ئۇلارنى كۆپرەك چۈشىنىش، پارتىيىنىڭ تۈر-
لۈك سىياسەتلىرىنى ھەربىر سۆھبەتكە ۋە ھەربىر كونكرېت
ئىشقا سىڭدۈرۈش، ئەينى چاغدىكى شارائىت چەتنىمىگەن ھالدا
نەق گەپنى قىلىش كېرەك، دېگەن ئېنىق تونۇش بار ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئەۋزەل تۈرمۇش، خىزمەت شارائىتىدىن كېچىپ،
جاپالىق بولغان چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا كەلگەنلى-
كىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ماختىدۇق. ئۇنىڭ
سىياسىي جەھەتتە ئالغا باسقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى،
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭغا قاتنى-
شىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈر-
دۇق. سىياسىي جەھەتتە تەربىيە بەردۇق، تۈرمۇش جەھەتتە
كۆڭۈل بۆلۈپ، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ
ئەمەلىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلدۇق. مەسىلەن،
ئۆي قىيىنچىلىقىغا ئوخشاش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا يار-
دەم قىلدۇق. يېڭى ياتاق سېلىپ، ئۆي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى
قاندۇردۇق. ئەمما، مەن بىلەن بىزنىڭ يەنە بىر ئاز سانلىق
مىللەتتىن بولغان مۇئاۋىن بانكا باشلىقى يەنىلا كونا ئۆيدە ئولتۇ-
راتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارغا تولۇق ئىشەندۇق،
ئۇلارنىڭ تەربىيە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقىش ئارقىلىق
شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى تايانچ ئىختىساس ئىگى-
لىرىدىن بولۇپ چىقىشىغا ئىشەندۇق. ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ
مېھرى - شەپقىتىنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىياسەت-



نى چۈشىنىشى ۋە ئىجرا قىلىشىغا ياردەم قىلدۇق. مېنىڭ شۇ
چاغدىكى بىرىنچى كۆزلەيدىغىنىم ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يې-
ڭىپ خاتىرجەم بولۇشى، چېگرا رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلى-
رىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى ئىدى. ئەمما، يۇقىرىدا دېيىلگەن شۇن-
چە كۆپ ئىدىيە مەسىلىلىرى بىلەن شۇ چاغدىكى رېئال مەسىلى-
لەر چىگىشلىشىپ كەتكەن ئىدى. داۋالىنىش شارائىتى ناچار
بولۇپ، كېسەل كۆرسىتىش قىيىن ئىدى؛ يەسلى يوق ئىدى؛
پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشى قىيىن ئىدى؛ يۇيۇنۇشقا مونچا يوق ئىدى
... ۋاھاكازالار. بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىغا
قويغان بەزى مۇۋاپىق تەلەپلەرنى ئامالنىڭ بارىچە ھەل قىلدۇق.
بىراق، بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بانكا ئۆزىگىلا تايىنىپ ھەل
قىلالمايتتى، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
تەدرىجىي ھەل بولىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. شۇڭا، ئەينى چاغ-
دىكى كادىرلارنىڭ تۈرلۈك ئىدىيە مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن مەن
سەۋرچان بولۇش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق پوزىتسىيەمنى
باشتىن - ئاخىر ساقلىدىم، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق چۈشەنچە
ھاسىل قىلدىم. ئۇلار بىلەن سىرداشتىم. بېسىم قىلىش، چوڭ
يىغىندا ئىسمىنى ئاتاشتەك تەنقىد - تەربىيە ئۇسۇلىنى قەتئىي
قوللانمىدىم، ئىشنىلا تىلغا ئېلىپ، گەپنى ئادەمگە قاراتماسلىق
ئۇسۇلى بىلەن قارشىلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى
ئالدىم، قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق قايىل قىلىش، ھېسسىيات
ئارقىلىق يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇلارنى يېتەكلىدىم.
ئەمما ئەينى چاغدا بەزىلەر مېنىڭ ئۇسۇلۇمنى قۇۋۋەتلەپ كەتمى-
دى. بەك يۇمشاق قوللۇق قىلىۋاتىسەن، قاتتىق ۋاستىنىمۇ
قوللىنىش كېرەك، دېيىشتى. «بېسىم» چارىلىرى بېشىمنى
قاتۇرۇپ، مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. بىراق مەن چېكىدىن

ئاشقان قاتتىق قوللۇقنى باشتىن ـ ئاخىر قوللانمىدىم. كېيىن
ئەمەلىي نەتىجە ئارقىلىق كىشلەر قايىل بولدى. كۆپچىلىك
ئىتتىپاقلاشتى. قىيىنچىلىقلار باش ئەگدى. بۇ ياشلار چېگرا
رايوندا خاتىرجەملىككە ئېرىشىپلا قالماي، پۇل مۇئامىلە ئىشلى-
رىغا تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت مېنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە ئۇسۇ-
لۇم ۋە پوزىتسىيەمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئىتتىپاقلىق مەسلىسى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىمىز-
دىكى مۇھىم بىر تېما. شۇنداقلا كادىرلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت
ئىشلەشتىكى يەنە بىر نىشانىم ئىدى. ئەينى چاغدا مەملىكەتنىڭ
ھەرقايىسى جايلىرىدىن كەلگەن بۇ كادىرلارنى خاتىرجەم قىلىپلا
قالماي، ئۇلارنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشۇم، جىددىي، جاپا-
لىق ھالدا خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا بىرگە بولۇپ، چېگرا رايوننىڭ
پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قى-
لىشنى تەلەپ قىلىشىم لازىم ئىدى. ئىتتىپاقلىق مەسلىسىدە
خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئالدىنقى ئورۇنغا قو-
يۇلغان ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ياش كادىرلار
بىلەن پېشقەدەم كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش بولمىغان
جايلاردىن كەلگەن كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمدە ئىچكى قى-
سىمدىكى ئىتتىپاقلىق مەسلىسى ئىدى. كادىرلار ئوتتۇرىسىدى-
كى زىددىيەتكە نىسبەتەن مەن ئۆزۈمنى قاچۇرماي، زىددىيەت
بايقالسا، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدىم. زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشتىكى پرىنسىپىمىز ـ ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىش، زىددىيەتنى ھەل قىلىش،
كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسىنى ئورتاق غايە ۋە كەسپتە بىرلىككە
كەلتۈرۈش، بانكىنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان



چوڭ ئائىلىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشتە ئاممىغا، ھەر مىللەت كادىر-
لىرىغا تايىنىش، ئىدىيىۋى خىزمەتنى بىرلىكتە ئىشلەش لازىم.
ئەينى چاغدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان رەھبىرىي كادىرلار-
دىن ئەيسايوف ئابدۇكېرىم، غوپۇر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىدى-
يىۋى ئېڭى يۇقىرى، ئىستىلى دۇرۇس بولۇپ، تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن مىللىي كادىرلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپلا قال-
ماستىن، خەنزۇ كادىرلارغىمۇ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيتتى،
ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە ھەسەت
قىلىدىغان، چىقىشالمايدىغان ئەھۋاللارنى، ئۇقۇشماسلىقلارنى
ھەمدە كەيپىياتى ناچار بولۇش، بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە سىغماس-
لىقتەك زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
ئىلگىرى سۈردى. يېڭى كادىرلار بىلەن پېشقەدەم كادىرلار ۋە
ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن كەلگەن كادىرلار ئارىسىدىمۇ ئۇلا-
رنىڭ ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارغا تايى-
نىپ ئىدىيە خىزمىتى ئىشلىدۇق. ئەينى چاغدا شەرقىي جۇڭگو-
دىن كەلگەن كادىرلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئىدىيىدە داۋالغۇ-
ۋاتقانلارمۇ بىرقەدەر كۆپ، تەسىرىمۇ بىرقەدەر چوڭ ئىدى. بۇ
كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش جەريانى-
دا، مەن شاۋ شىجيەن، ۋاڭ خەنگېڭ، شيا شۇپېڭ، چى چىڭ-
يۈەن، خۇاڭ يەنلىن، خۇا لىخۇا، سۇن مېيجېن، لي شۇخېڭ،
باۋ جىڭجۈەن، ۋاڭ جيەنچىڭ، لۇ شىنجاڭ قاتارلىق يولداشلار-
نىڭ شەرقىي جۇڭگودىن كەلگەن كادىرلارغا خىزمەت ئىشلەش
ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى
رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئۇلار سىياسىي جە-
ھەتتە مۇستەھكەم بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرى يولۇققان قىيىنچى-

لىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەتلىك ئىدى، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ ئىشلەيتتى. ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان يولداشلاردىن چېڭ يىۋۇ، سەي جيەن قاتارلىقلارمۇ شۇ جايدىكى كادىرلار بىلەن يېڭى كەلگەن كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىشلەشكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن ئىدى. ئىككى خىل تىل بىلىدىغان يولداشلاردىن سەي ۋېنرۇي، مالىشېڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار بىلەن خەنزۇ كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ياردەم قىلىپ، كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلىشىمىدىكى ياخشى ياردەمچىلىرىمىدىن بولغان ئىدى. شەرقىي جۇڭگودىن كەلگەن كادىرلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كادىرلاردىنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى بانكىلارغا تەقسىم قىلىنغانلار بار ئىدى. شۇڭا جايلاردىكى بانكا رەھبەرلىرىگە تايىنىپ كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ھەمدە جايلاردىكى بانكا رەھبەرلىرىنىڭ كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى بىۋاستە ئىشلىشى، كادىرلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. ئىجابىي تەربىيىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، قوپاللىق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. لى شۈدې، ما زۇڭرېن قاتارلىق يولداشلارمۇ تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە تەسىرلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلغان ئىدى. پەقەت كۆپچىلىك كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسىلا تەربىيە كىشىلەرنى قايىل قىلماي قالمايتتى. قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش، ھېسسىيات ئارقىلىق يېتەكلەش ئىدىيىۋى خىز-



مىتىنى كۆپ يىل جاپالىق ئىشلەش، قايتا ـ قايتا پىكىرلىشىش ۋە سىردىشىشىمىز ئارقىلىق، كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تونۇش بىرلىككە كېلىپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەن ئەينى چاغدا كادىرلارنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىدىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېكىتكەن «كۆڭۈلنى توق تۇتۇش ۋە ئىتتىپاق بولۇش، چېگرا رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت ئىككى نىشانمۇ تولۇق ئەمەلىيلەشتى.

50 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق شۆبە بانكا، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بانكا مەكتىپىدىن ئىبارەت 3 ئورۇندا 500 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، بۇ ئورۇنلاردا تەشكىللىك سىياسىي ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇق. پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەشكىل قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتتۇق. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇردۇق، ئايرىم سۆھبەتلىشىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردۇق. شەكلى ھەرخىل بولغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولدى، ئىتتىپاقلىق كۈچەيدى، كادىرلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىدى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ھەر مىللەت پۇل مۇئامىلە كادىرلىرىدا ناھايىتى زور ئۇيۇشۇش كۈچىنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ دائىم مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغدا قەشقەردە نامى بار ئىدى، «1 ـ ماي» بايرىمى، دۆلەت بايرىمى، ئارمىيىدىن چاغانلىق ھال سوراش

پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن قاتناشتۇرۇلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بانكىنىڭ خىزمەتچىلىرىدە بىرقەدەر كۈچلۈك ئېپتىخارلىق، شەرەپ تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئىدى.

50 ـ يىللاردا سىياسىي ھەرىكەت كۆپ ئىدى، بىز جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈرلۈك زىددىيەتنى قاتتىق، توغرا ئايرىدۇق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈرەشنى كېڭەيتىۋەتمىدۇق. «3 كە قارشى»، «5 كە قارشى» ھەرىكەتتىمۇ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللانمىدۇق. ئەمما ھەرىكەت باشلانغاندا، مەن بانكىنىڭ «تۆمۈر ھېسابچى»، «تۆمۈر چوتچى» دېگەن شۆھرىتى بولۇشى، خىيانەتچىلىك قىلىپ، پارا ئالىدىغان ئىشلار بولماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىم بەك ساددا ئىدى. شۇڭا مەن بانكىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ئورۇنغا ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بىراق يولداش لىۋ يەن (ئەينى چاغدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) : بۇ مۇمكىن ئەمەس، «3 كە قارشى» ھەرىكەت ئىجتىمائىي مەسىلە، دېگەن ئىدى. كېيىن مەن ئىقتىسادنىڭ ئاشكارىلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بانكا كادىرلىرىنىڭ شەخسىي كىرىمى ۋە يىغقان پۇلىنى جەدۋەلگە تولدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر قائىدىنى چىقاردىم. بۇ تۈزۈممۇ ئەينى چاغدا پاكلىقنى يولغا قويۇشتىكى بىر تەدبىر ئىدى.

ئىچكى قىسمىنى تازىلايدىغان «3 كە قارشى» ھەرىكەتتە



ئىپادىسىگە قارىلىدىغان سىياسەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردىم ۋە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلدىم، پەقەت مەسىلە ئېنىقلانسا، مەسىلىسى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولسىلا، ئۇنى دادىللىق بىلەن ئىشلەتتۇق. بوغالتىرلىق جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىسى يولداش سۇڭ جياچېن ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ئاخبارات خىزمىتى (ئىشپىيونلۇق) بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشتا مەسىلىنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى شارائىتى بىلەن كېيىنكى ئىپادىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى تەشكىلىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلمىدۇق ھەمدە مۇناسىپ بوغالتىرلىق خىزمىتىگە قويۇپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇردۇق. كېيىن، ئۇ ئىككى قېتىملىق خەلق پۇلى تارقىتىش خىزمىتىدە بوغالتىرلىقنى توغرا بىجا كەلتۈرۈپلا قالماي، تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدى. شۇنداقلا بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ناھايىتى نەتىجىلىك ئىشلەپ، ئىزچىل ھالدا ناھايىتى ياخشى كەسپىي تايانچ بولۇپ ئىشلىدى.

كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىغا ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ھەمىشە ئىجابىي تەربىيىنى ئاساس قىلىش ۋە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. دەماللىققا قايىل قىلغىلى بولمايدىغان ئادەم ۋە ئىشقا يولۇققاندا، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلدىم، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۈم، ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلىدىم، زادىلا ئەيىبلىمىدىم، يولداشلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن ساقلاندىم. تەربىيە قىلغاندىن كېيىنمۇ چېگرا رايوندا قېلىشنى يەنىلا خالىمىغانلارنى، ياخشى كۆڭۈللۈك بىلەن قايتىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەينى چاغدا قەشقەر تارماق بانكىسىنىڭ خىزمەتچىسى

ۋېي شىسۈن يۇرتىغا قايتىشتا چىڭ تۇرغان ئىدى، مەن جۇڭگو
ـ سوۋېت بىرلىكتە باشقۇرغان نېفىت شىركىتى بىلەن سۆزلى-
شىپ، ئۇنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن
شاڭخەيگە قايتىپ كېتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدىم. كې-
يىن ئۇ ئامېرىكىغا باردى، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ شياڭگاڭدا
ئولتۇراقلىشىپ قالدى. شياڭگاڭدا ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە،
ئەينى چاغدا ئايروپىلانغا ئولتۇرغان ئىشنى تىلغا ئېلىپ، پارتى-
يىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلى-
غانلىقىمىز ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى قوز-
غىتىشىمىز بىرقەدەر ياخشى بولغان ئىدى. پۇل ئامانەت قويۇش
كەسپىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر كادىرغا ئايلىق ئاما-
نەت توپلاش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەنىدى، ئۇلار ئىشتىن چۈشكەن-
دىن كېيىن ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆيلەرگىچە
بېرىپ ئامانەت قويۇش مۇلازىمىتى قىلدى. بەزى كادىرلار بازاردا
ئامانەت توپلايتتى، كەچ كىرىپ كەتسىمۇ قايتماي، شام يورۇقى-
دا داۋاملىق ئىشلەيتتى. بەزى خەنزۇ ئايال كادىرلار ئەمدىلا 16
ـ 17 ياشلارغا كىرگەن، كەنتتىكى بانكا تىجارەت ئورنىدا بوغال-
تىرلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان، تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يەيدى-
غان، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدىغان بولسىمۇ، جاپا تارتتىم دەپ
قاخشاپ باقمىغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدىكى يول-
داش چۈەن چېڭجۇڭ پامىر ئېگىزلىكىگە قەرز پۇل بېجىرىشكە
بارغاندا، قار قاپلىغان دالىدا ئېزىپ قېلىپ، يېرىم كېچىدە
ئايلىنىپ يۈرۈپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان، ئەمما قىيىن-
چىلىقنى يەنىلا يېڭىپ، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ئىدى. ئاشلىق
يىغىدىغان چاغدا، ئاشلىق ساتىدىغان دېھقانلار كۆپ بولغاچقا،



ئاشلىق پونكىتىدا ئادەم يېتىشمەيتتى، بىز ياردەملىشىشكە ئادەم
ئەۋەتتۇق، شەرقىي جۇڭگودىن كەلگەن پۇل مۇئامىلە خىزمەت
ئەترىتىدىكى يولداش يۈەن زۇەنخۇا ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ئاش-
لىق پۇلىنى تارقىتىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلدى، ئۇ ھەممە
ئىشنى قىلاتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەيتتى، خىزمەت ئۇ-
نۇمىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇستى ـ بېشىنى توپا ـ چاڭ
بېسىپ كەتكەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى، قورسى-
قى ئاچسا نان يەيتتى، ئاشلىق پونكىتىدىكى يولداشلار بىرنەچچە
بانكا خادىمىنىڭ ھەر بىرى بىزدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى
قىلدى، دېگەنىدى.

**ئالتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت پۇل مۇئامىلە كا-
دىرلىرى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەندى**

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇس
3 مىليون 300 مىڭ بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى
3 مىليوندىن ئاشاتتى. 4 ۋىلايەت ئىچىدىكى ئۈچىنىڭ ئاساسلىق
ئاھالىسى ئۇيغۇرلار، بىرى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئىدى،
پامىر ئېگىزلىكىدە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بار
ئىدى. بانكا كەسپلىرى ۋە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولۇپ-
مۇ يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگى-
شىپ، ئاز سانلىق مىللەت پۇل مۇئامىلە كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-
رۈش كۆرۈنەرلىك ۋە تەخىرسىز مەسىلىگە ئايلاندى. 1953 ـ
يىلى، قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بانكا مەكتىپى قۇردۇق، 4
يىلدا بوغالتىرلىق، يېزا پۇل مۇئامىلىسى، پۇل ئامانىتى قاتار-
لىق كەسپلەر بويىچە ئېچىلغان 22 قارارلىق كۇرستا، جەمئىي
585 نەپەر كۇرسانت تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى 233 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 40%

نى ئىگىلەيتتى. مەكتەپتە تەربىيىلەنگەندىن باشقا، ھەرقايسى بانكىلاردا ئۇستاز - شاگىرت توختىمى تۈزۈش، كونىلار يېڭىلا- رنى يېتەكلەش، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خادىملارنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. مىللىي كادىر- لارنى ئىشلىتىش شەرتلىرى خەنزۇ كادىرلارنى ئىشلىتىش شەرتى- لىرىدىن كەڭرەك بولدى. ئۆستۈرۈش شەرتىگە ئاساسەن، مۇۋا- پىق كەلسىلا، مىللىي رەھبەرلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈ- لۈپ، ۋاقتىدا ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پۇل مۇئامىلە كادىرلار قوشۇنى تېزلىكتە زورىيىپ خىزمەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتى.

## 3. تارىخىي تەجرىبىلەر

50 - يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بانكا خىزمىتى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە تۈرۈۋاتاتتى. ئەمما پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەق- قىيات قانۇنىيىتىدىن، بانكىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر ياقلىق قىلىش جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى تەجرىبى- لەرنى ھازىرمۇ خىزمەت جەريانىدا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاساسلىق تەجرىبە ۋە تەسىراتلار تۆۋەندىكىدەك:

**بىرىنچى، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن چو- قۇم پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم**

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، پۇل مۇقىم بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، قول سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەتكە رايى بارمايدىغان بولۇپ قالدى، دېھقانلار ئېشىنچا دېھقانچىلىق مەھ- سۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قال- دى، بازار كاساتلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنگەنىدى. پۇل بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، بازار كۆنسېرى ئاۋاتلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش تېز ئەس- لىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت بىر ئومۇمىي ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى، يەنى پۇل پاخاللىشىپ، تاۋار- لارنى قىممىتىگە مۇناسىپ باھادا ساتقىلى بولمىغاندا، ئىجتىما- ئىي ئىشلەپچىقىرىش مۇقىمسىز بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلمايدۇ، دېگەن قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھازىر ئىقتىسادنىڭ مۇ- قىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللار ئىچىدە، ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا پۇل مۇئامىلىسىنىڭ مۇقىمسىزلىقى ئىدى. شۇڭا پۇل قىممىتىنى مۇقىم قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، پۇلنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش كېرەك ئىدى. پۇل- نى تۇراقلاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ئامىل.

**ئىككىنچى، بانكا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا يەرلىكتىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ قوللى- شىنى قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۇھىم**

بانكا خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن سىستېما بويىچە رەھ- بەرلىك قىلىنىدۇ، بىراق، بانكا يەنىلا يەرلىكنىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كەسپىي پائالىيەت دائىرىسى تۇرۇش- لۇق جايى بولىدۇ، شۇڭا، بانكا خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇ- شى يەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تەشكىلىنىڭ قوللىشى ۋە يې- تەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. 50 - يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ

رايونلۇق پارتكوم، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ھەم-
دە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پارتىيە - ھۆ-
كۈمەت ئورگانلىرى بانكا خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ،
زور كۈچ بىلەن قوللىدى. مەسىلەن، يېڭى خەلق پۇلىنى تارقى-
تىش ۋاقتىدا، نۇرغۇن پۇلنى جايلارغا يەتكۈزگىچە 2 - كور-
پۇسنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمى مەخسۇس ئاپتوموبىل ۋە قوراللىق
خادىم سەپلەپ، ھەقسىز يەتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ سەۋەبى،
بانكىمىزنىڭ ھەمىشە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگىنىدىن خىزمەت-
لەر توغرىسىدا يوليورۇق سوراپ، خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ
تۇرغانلىقىمىز، پۇل مۇئامىلىسى سىياسەتلىرى ۋە يەرلىك پار-
تىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئالىرى توغرۇلۇق پىكىر ئالماشتۇ-
رۇپ تۇرغانلىقىمىزدىن ئىدى. بۇ بىز بانكا باشلىقى بولغۇچىلار-
دىن خىزمەتتە پۇل مۇئامىلە سىياستىنى ئىجرا قىلىپلا قالماس-
تىن، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى سەمىمىيلىك بى-
لەن ھۆرمەت قىلىشىمىزنى، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلى-
كىگە تايىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بانكىنىڭ رولىنى ھەقىقىي
جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىنى قوللاش،
يەرلىكنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ۋە ئۇ-
نىڭغا مۇلازىمەت قىلىش، پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنى
يەرلىكنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇ-
شىنىڭ بانكىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، مىللىي رايونلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پۇل مۇئامىلە سىياستىنى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈش لازىم**

چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى
قالاق، نامرات، يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز بولغاندىن باش-



قا، ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بارلىق ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە
سىياسەتلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، پارتىيە - ھۆكۈمەت
بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا،
پۇل مۇئامىلە تەدبىر - تۈزۈملىرىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا
بۇ ئالاھىدىلىكنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. 1955 - يىلى
دېھقانلار كوپېراتسىيىگە كىرگەندىن كېيىن قوشقا قاتىدىغان
ئۈيىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، يەنى ئەسلىدىكى 150 يۈەندىن
80 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۆي سېتىۋې-
لىش ئۈچۈن ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇقتى.
تۈزۈم بويىچە قانچە قەرز ئالغان بولسا شۇنچە پۇلنى قايتۇرۇۋې-
لىش كېرەك، ئەمما سىياسىي تەسىرنى ئويلىشىپ، قەرزنى
ئۈنىڭ ھازىرقى باھاسى بويىچە قايتۇرۇش، زىياننى دۆلەت ئۈس-
تىگە ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى
قوغداپ قالدۇق، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىمۇ
ئۆستى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى. ئەينى چاغدا مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سىياسەت ئىجرا قىلىشتىكى بۇ خىل جاي-
لىقلىق ۋە ئالاھىدىلىك بولمىسا بولمايتتى. ھازىرقى بازار ئى-
گىلىكى شارائىتىدىمۇ، مىللىي رايونلارغا قارىتىلغان ئېتىبار
خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە سىياستى ۋە جانلىق تەدبىرلەر
يەنىلا بولۇشقا تېگىشلىك، چۈنكى بۇمىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە
مۇقىملىق ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجى.

**تۆتىنچى، ئىقتىساد تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، بانكا خىزمە-تىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش**

دۆلەت پىلانلىق ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىشنى باش-

لىغاندىن تارتىپ، بولۇپمۇ مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئۆزگەرگەندىن
كېيىن، بانكىلارنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا-
تىغا قانداق ماسلىشىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، ئەينى
چاغدا قوللانغاندەك چارە - تەدبىرلەر يوق ئىدى. يۇقىرى دەرد-
جىلىك بانكىلارنىڭمۇ يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن كەسپىي تۈزۈمى يوق
ئىدى. خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئۈچنى تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن باشلاپ، ئەھۋال ئىگىلىدۇق. چارە
- تەدبىر تۈزدۇق. سىناق نۇقتا ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەپ، نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلدۇق. مەسىلەن، 1953 -
يىلى، بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ
ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق، چارۋىچىلىققا قەرز بېرىش چارىسىمۇ
يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلۇغچات چارۋىچىلىق رايونىغا
كادىر ئەۋەتىپ 40 كۈن تەكشۈرگەندىن كېيىن، «قوي سېتىۋې-
لىش قەرزى بېرىش تۈزۈمى» نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. 1955 -
يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بانكا
يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا قەرز تارقىتىپ باقمىغان ئىدى.
مەن چى چېگيۈن قاتارلىق يولداشلارنى قەشقەر كونا شەھەر
ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونى، ئاۋات رايونىغا يېزا ئىگىلىك كوپې-
راتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مالىيە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى
ئىگىلەشكە ئەۋەتتىم، يېزا ئىگىلىككە قەرز بېرىش چارىسىنى
تۈزدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپ-
لىرىغا قەرز بېرىش مەسىلىسى ھەل بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن
باشقا يەنە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەكشۈرۈش، كەم-
بەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى تارقىتىشنى تەكشۈرۈش
مۇستەھكەملەندى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى، تەمىنلەش كوپې-
راتىپى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن ئىبارەت 3 كوپېراتىپنى



بىرلەشتۈرۈش توختىمى سىناق نۇقتىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممد-
سى خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى شارائىت بىلەن تەمىنلە-
دى. ھازىر بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان كەسىپ تۈزۈملىرى
بار، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تەكشۈرۈپ -
تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش، ئىجادىي ھالدا يول ئېچىپ
ئىلگىرىلەش لازىم.

**بەشىنچى، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياستىنى ئەستا-
يىدىل ئىجرا قىلىش — كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوز-
غاشنىڭ ئاچقۇچى**

بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ خىزمەتنى
باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتتۇق. بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىل-
لىي، خەنزۇ كادىرلار ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش-
نى تەلەپ قىلدۇق، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزئارا بېرىش -
كېلىش قىلىپ تۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، مىللەتلەر ئارا
ھېسسىيات كۈچەيتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى
ئىلگىرى سۈرۈلدى. مىللىي تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىل-
دى، ئۆزئارا سىردىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىشكە قولايلىق بولۇ-
شى ئۈچۈن كۆپچىلىك مىللىي تىلنى ئۆگىنىش، مىللىي تىلدا
سۆزلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر-
دىن كېلىپ چىققان كادىرلارنى ھەرقانداق چاغدا تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش لازىم. نەتىجە ياراتقانلارنى ۋاق-
تىدا تەقدىرلەش، كەمچىلىك - خاتالىق كۆرۈلگەندە، تەربىيە
بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆزگەرتىش-
نى ئىلگىرى سۈرۈش، يېنىكلىك بىلەن چارە كۆرمەسلىك
لازىم. مېنىڭچە، يولداشلارغا ئىشىنىش، كادىرلاغا ئىشىنىش

لازىم. بۇ كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ ئاچقۇچى.
ھەر مىللەت كادىرلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىغا ئىشىنىش،
ئۇلارنىڭ كەسپچانلىقىغا، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىشىنىش،
ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پۇرسەت ۋە شارائىت
يارىتىش، ئۇلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرۈپ ئىلگىرى-
لەشنى قولغا كەلتۈرۈش، چېگرا رايوننىڭ پۇل - مۇئامىلە
ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش لازىم. يولداش چېن يۈن 1952 -
يىلى شاڭخەي پۇل مۇئامىلە خىزمەت ئەترىتى شىنجاڭغا كىرگەن-
دە، «ئۇلارنى خۇسۇسىي بانكىلار دەپ قارىماڭلار، ئۇلار سىلەر-
نىڭ چېگرا رايون بانكىنىڭ كۆچىدۇر» دېگەن يوليورۇقى بويىچە
ئىش كۆرۈش لازىم. ئەمەلىيەت بۇ كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ
ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ۋە ئىشەنچى نەتىجىسىدە ھەرقايسى ئىش
ئورۇنلىرىدا ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى ياخشى رولىنى جارى
قىلدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدە ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر دەرى-
جىلىك بانكىلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدى.
مەسىلەن، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ باشلىقى شېڭ
جىچۈەننى كۆپچىلىك دېموكراتىك يوسۇندا سايلاپ چىققان، خې-
لى كۆپ ئادەم چېگرا مىللىي رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى-
دىكى تايانچلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئەسلىمەم يېزىلىپ ئاخىرىغا كەلگەندە، كۆز ئالدىمدا زەبەر-
دەست بىر گېنېرال گەۋدىلەندى، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە تەبەسسۇمى-
لۇك چىرايى ئەسلىمىلىرىمگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى، ئۇ خۇددى
ئارىمىزدا ھاياتتەك ۋە بىز بىلەن خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلىشى-
ۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ئۇ شۇنچە كۆيۈمچان، سەۋرچانلىق بىلەن
تەربىيە بېرىشكە شۇنچە ماھىر ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز



تەسىرلىنەتتىم، ئۇنى چىن دىلىمدىن ياد ئېتىمەن. ئۇ كىشى
جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى، جەنۇبىي شىن-
جاڭ مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 2 - كورپۇسنىڭ كوماندى-
رى گېنېرال گوپېڭ ئىدى. ئۇ ئۇزۇن سەپەر، ياپونغا قارشى
ئۇرۇشتىن ئازادلىق ئۇرۇشىغىچە 17 قېتىم يارىلانغان (1960
- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش سەپىرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە
يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسىدىمۇ چوڭ خەتەرگە ئۇچرىغان
ئىدى).

يولداش گوپېڭ ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ مالىيە كومى-
تېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىقتىساد خىزمى-
تىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي،
خىزمەتنى جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيتتى. ئەينى چاغدا
جەنۇبىي شىنجاڭدا مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقان،
تاۋار بەكمۇ قىس، پۇل مۇئامىلە بازىرى قالايمىقان ئىدى،
قاراڭغۇ بازار ئەۋج ئېلىپ، پۇل رەسمىي پاخاللاشقان، خەلق
تايانچسىز قالغان ئىدى. ئۇ ھامان بىزگە سالماقلىق بىلەن
يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇچرىغان ھەربىر قىيىنچىلىقنى يېڭىشى-
مىزگە كونكرېت قوماندانلىق قىلاتتى. مال باھاسىنى تىزگىنى-
لەش، پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىمى-
لاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشى-
نى كېڭەيتىش، بانكىنىڭ كەسپلىرىنى كېڭەيتىش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە
يولداش گوپېڭنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. بانكا خىزمىتىمىزگە
تېخىمۇ بەك غەمخورلۇق قىلاتتى، زور كۈچ بىلەن قوللايتتى.
بۇ پېشقەدەم رەھبەر ئېسىمىزگە كەچىسلا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمى-
تىمىز قوزغىلىدۇ.

1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ ھەر كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئارىلىقىدا بېرىپ ـ
كېلىپ ئىشلىگەندە، ھەمىشە ئاۋۋال بانكىغا بېرىپ مەن تويلىد-
غان مال باھاسى، پۇل مۇئامىلە قاراڭغۇ بازىرى، قەرز پۇلنىڭ
پاخاللىششى قاتارلىقلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى كاتىپقا تەپسىلىي
خاتىرىلەشنى بۇيرۇپلا قالماي، ئۆزىمۇ ئاڭلىغاچ مۇلاھىزە قىلات-
تى، ئەھۋاللارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلايتتى
ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.
مەسىلەن، قاراڭغۇ بازارغا قانداق زەربە بېرىش، مال باھاسىنى
تىزگىنلەش، ھايانكەشلەر بىلەن قانداق كۈرەش قىلىش دېگەن-
دەك. ئۇ: ئىقتىسادتا قوراللىق زەربە بېرىشكە ئوخشاش ئۇسۇل-
لارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئىقتىساد باشقۇرۇش ھەربىي قوماندانلىق قىلىشقا ئوخشىمايدۇ، دەيتتى. ئۇ، مال باھاسىنى دائى-
رىگە بۆلۈپ تىزگىنلەشنى ئويلاشقانلىقىنى، ئەمما يەنە ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان مال باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بازارنى تاۋار
بىلەن تەمىنلەش لازىملىقىنى، ئەگەر دائىرىگە بۆلۈپ تىزگىنلى-
گەندە، ئوبوروتنى ۋە بازارنى يوقىتىدىغانلىقىنى، شۇ جايدا قىس
بولۇۋاتقان ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى،
ماددىي ئەشيا بولمىغاچقا مال باھاسىنىمۇ تىزگىنلىگىلى بولماي-
دىغانلىقىنى، پەقەت شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيالىرى
ئالماشتۇرۇلۇپ، ئوبوروت راۋانلاشقان، بازاردا تاۋار كۆپ بول-
غاندىلا، مال باھاسى تەبىئىي ھالدا نورماللىشىدىغانلىقىنى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە مال
مەنبەسىنى تەشكىللەشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىغان-
لىقىنى ئېيتقانىدى. قول سانائەتنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى،
ماتا، بۆز قاتارلىقلارنى قوللاشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا ئۇ



ناھايىتى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. ئۇ يەنە: قارىغاندا قول سانائەت
بىر كۈچ ئىكەن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشىمىز كې-
رەك، قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىسەك، ئۇلار ۋاقتىدا خام ئەشيا
سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتەلەيدۇ، دېھقانلارمۇ مەھ-
سۇلاتلىرىنى ساتالايدىغان بولىدۇ، دېگەنىدى. شۇنداق قىلغىنى-
مىزدىن كېيىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئال-
ماشتۇرۇش كېڭىيىپ، بازار جانلاندى. ئۇ يەنە مەۋقەنى يەرلىك-
كە قارىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكىرىنىڭ ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تاۋار بىلەن تەمىنلىشىگىمۇ تايىنىشىمىز لازىم،
دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئاندىن ئۇ بانكا تەمىنلىگەن ئەھۋاللار ۋە
مەسىلىلەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھەربىيلەر بىرلەشمە كوپې-
راتىپىغا بېرىپ لىيۇ چاڭجياڭنى، ئاندىن سودا شىركىتىگە بې-
رىپ شۆ باۋشېڭنى تېپىپ سودا ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. قوماند-
دان گوپېڭ 50 ـ يىللاردا باشتىن ـ ئاخىر مالىيە ـ سودا
خىزمىتىنى تۇتتى، ئۇنى كۈندە ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ، تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلدى، ئەينى چاغدىكى ئالاھىدە بولغان ئىقتىسا-
دىي، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى بىرمۇ ـ بىر ھەل
قىلدى، دېيىشكە بولاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، قوماندان گوپېڭ
جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، قاراشەھەر ناھىيىسىدىن
ئۆتكەندە، ئالدى بىلەن تەكشۈرگىنى سۇ مەسىلىسى ئىدى.
بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئىقتىسا-
دىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە يىراق پىلانىنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكى-
نى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان چوڭقۇر
مۇھەببىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
قوماندان گوپېڭ پىكرى ئۆتكۈر، سالماق كىشى ئىدى،
بىز بىلەن سۆزلەشكەندە، ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگەندە ھەمىشە

مەسلىھەت ـ كېڭەش پوزىتسىيىسىدە سۆز قىلاتتى، سەممىي
پوزىتسىيىدە تەربىيە بېرەتتى.
قوماندان گوپېڭنىڭ 50 ـ يىللاردىكى پائالىيىتى كۆپىنچە
قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ليۇ
يەن بىلەن بىرگە بولغان ئىدى، بىرلىكتە تەكشۈرۈشتە بولاتتى،
مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى، تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قد-
لىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. بۇ ئىككى رەھبەر ئالەمدىن
ئۆتتى، ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن، مەڭگۇ ئەسلەيمەن. مەن
ئۇلارنىڭ روھىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسد-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئىقتد-
سادنىڭ گۈللىنىپ، شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېنىنىڭ قايتۇرۇۋېلىند-
غانلىقىنى، دۆلەت قۇدرەت تېپىپ، خەلق ھاللىق سەۋىيىگە
يۈرۈش قىلىشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى كۆرگەن بولسا جەز-
مەن خۇشال بولغان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلقنىڭ باياشادلىقى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئاساس سالغانلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى
جاپالىق ئەمگەكلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. مەن 50 ـ يىللار-
دىكى بۇ جاپالىق مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلە مۇساپىسىنى ئەسلىگد-
نىمدە، قوماندان گوپېڭنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئەس-
لىمەي تۇرالمايمەن. ئۇنى مەڭگۇ ياد ئېتىمەن.

(ئاپتور: جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سا-
بىق باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى



# قەشقەردىكى «بەشكە قارشى» ھەرىكەت توغرىسىدا ئەسلىمە

نيۇ چىيى

قەشقەردە باشلانغان «بەشكە قارشى» ھەرىكەت (پارىخور-
لۇق؛ باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق؛ ئىش ھالقىسىنى
قىسقارتىش، خام ئەشيانى ئوغرىلاش؛ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى
ئوغرىلاش؛ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى
تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ) كە قاتناشقانلىقىم ھاياتىمدىكى ئەسلەشكە
ئەرزىگۇدەك ئىش بولغانىدى.
1952 ـ يىلى فېۋرالدا، مەن قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ئىجا-
رە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئىشخاند-
سىدىكى خىزمىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئورگانغا قايتىپ كەلگد-
نىمدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يول-
داش ۋاڭ ئېنماۋ مەن بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ: قەشقەردىكى
«بەشكە قارشى» ھەرىكەت رەھبەرلىك ئاجىز بولغاچقا پالەچ
ھالغا چۈشۈپ قالدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم جەنۇبىي شىند-
جاڭ رايونلۇق پارتكومدىن ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ
قىلدى، دېدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم مېنى خىز-
مەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، «بەشكە
قارشى» ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشۇمنى قارار قىلغانىكەن (ئەي-
نى چاغدا شەھەر تېخى قۇرۇلمىغان بولۇپ، مەزكۇر رايون

قەشقەر كونا شەھەرگە قارايتتى) . ئەينى چاغدا مەن ئۇزاق
مۇددەت يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدىم، گەرچە 1949
- يىلى شەنشى ئۆلكىسى سەنيۈەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇ-
جىسى بولغان چېغىمدا بىر مەھەل شەھەر خىزمىتىنى ئىشلەپ
كۆرگەن بولساممۇ، بىراق ئەينى چاغدا ئاساسلىقى ئالدىنقى
سەپكە ياردەم بېرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شەھەر
باشقۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇشى دېگەندەك خىزمەتلەر بىلەن ناھا-
يىتى ئاز ئۇچراشقان ئىدىم. ھازىر شەھەردە «بەشكە قارشى»
خىزمىتىنى ئىشلەش، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا
بۇنداق خىزمەتنى ئىشلەش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ناتونۇش ئى-
دى. 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى
پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شەھەرگە يۆتكەش توغ-
رىسىدا قارار چىقاردى. «بەشكەر قارشى» كۈرەش ئەمەلىيىتى
جەريانىدا ئۆگەنسەملا ئۆزۈمگە ناھايىتى چوڭ پايدىسى بولىدى-
كەن، مەن ئويلاپ، ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

مەن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئى-
شىم خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەش بولدى. قەشقەردىكى
سودا - سانائەتچىلەرنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئاز سانلىق
مىللەت بولغانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ مالىيە ھەيئىتى يولداش لىۋ
جىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ
دېمىن، پېڭ دا، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى
سەيپۇللايوف قاتارلىق يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خىز-
مەت گۇرۇپپىسىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاساس
قىلىپ، قەشقەر شەھىرىدە بىرقەدەر تەسىرگە ئىگە كىشىلەرنى
تالليماقچى بولدۇق. شۇنداق قىلىپ مەن بىلەن ھاشىردىن



(ئۇيغۇر، ئىتتىپاق جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى) باشقا، يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمى-
سىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم (ئۇيغۇر)، قەشقەر كونا شەھەر
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياقۇب ھاجى (ئۇيغۇر)، قەشقەر ۋىلايەت-
لىك مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قەشقەر
ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى مامۇت ھەسەن (ئۇيغۇر) قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب
تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇ يولداشلار
قەشقەردە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم بى-
لەن ياقۇب ھاجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى
چوڭ بولغاچقا، «بەشكە قارشى» كۈرەش جەريانىدا ناھايىتى زور
رول ئوينايتتى. كېيىنكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز
خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرالماي قالغان چاغلاردا ئۇلار باشلامچى-
لىق بىلەن جانلاندۇراتتى. ئۇلارنى تاللىغىنىمىز تامامەن توغرا
بولغانىدى.

قەشقەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە «بەشكە قارشى» خىزمەت
سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇلىنىڭ رەھبەرلىكىدە
باشلىنىپتۇ. ئەينى چاغدا قەشقەر ۋىلايىتى ھەر دەرىجىلىك پارتى-
يە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئورگانلاردىكى
«ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتكە ئاجراتقاچقا، كادىرلارنى ئاجرىتىش
تەسكە توختايتتى. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنى «ئۈچكە
قارشى» تۇرۇشقا ماسلاشتۇرغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدە
«بەشكە قارشى» ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە رەسمىي باشلانمىغانىدى.

ئۇنداقتا «بەشكە قارشى» ھەرىكەتنى قانداق قوزغاش كې-
رەك؟ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىمىگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلىشىمىز كېرەك، يولداش ۋاڭ ئېنماۋمۇ خىزمەتلەردە

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.
ئۇنداقتا، قەشقەردە قانداق ئالاھىدىلىك بار؟ بىز بىر نەچچە
قېتىم تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىپ، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارى-
تا تۆۋەندىكىدەك بىر دەكلىككە كەلدۇق: 1. بۇ يەردە سودا ـ
سانائەت تەرەققىي قىلمىغان، سانائەتتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ
قىيىن، كەسىپلەر كۆپ، مەبلىغى ئاز، تىجارەت دائىرىسى
كىچىك، باشقۇرۇشى قالاق (كۆپىنچىسى قېلىپلاشمىغان بوغال-
تىرلىق تۈزۈمىدە ھېساب ـ كىتاب قىلىدۇ)؛ 2. بىر جايدا
مۇقىم سودا قىلىدىغانلار ئاز، كوچىدا سەييارە سودا قىلىدىغانلار
كۆپ، «بەش زەھەر» قىلمىشىنى چوڭراق سادىر قىلغانلار كۆپ
ئەمەس، لېكىن ئىنتايىن رەزىل قىلمىشلارمۇ بار، شۇڭا «بەش-
كە قارشى» ھەرىكەتنى قەتئىي قانات يايدۇرۇش كېرەك ھەمدە
مۇھىم نۇقتىنى كوچىدا سەييارە سودا قىلىۋاتقانلارغا قارىتىش
كېرەك. ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا سودا ـ سانائەتنى
يوللۇق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئاكتىپلىقنى قوغداش، بولۇپمۇ
سانائەت ئائىلىلىرىنىڭ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقىنى
قوغداش كېرەك. زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ،
ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرگە زەربە بېرىشىمىز، قانۇنغا بويسۇنغان
ئائىلىلەرنى تەقدىرلىشىمىز كېرەك؛ 3. بۇ يەردە سودا ـ سانا-
ئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ
يۇقىرى قاتلىمىدىكى شەخسلەر ياكى يۇقىرى قاتلام بىلەن زىچ
ئالاقىسى بار كىشىلەر ئىدى. شۇڭا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇ-
رۇشتا يۇقىرى قاتلامغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلەشكە، بىرلىك-
سەپ خىزمىتىگە كۈچ سەرپ قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىد-
ىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، ياردەمچىلەرنى كۆپەيتىپ،



توسالغۇلارنى ئازايتىش كېرەك؛ 4. بۇ يەردىكى سودا ـ سانائەت-
چىلەر ئارىسىدا مەبلىغى كۆپ، تىجارەت دائىرىسى بىرقەدەر
چوڭ بولغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلى-
رى ياكى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبا-
رات خادىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەش-
قەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قو-
يۇق. سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكى بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭ
دۆلەت شوۋىنىزمى بولغاچقا، ئۆزلىرىنى قەشقەرنىڭ «خاقانى»
دەپ قارايتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ھەددىدىن
ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا ئارىلىشىدۇ. شۇڭا «بەشكە قارشى» ھە-
رىكەتنى قانات يايدۇرغاندا، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بولغان
خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. بىر جەھەتتىن ئاز ئارىلى-
شىش، كۆپ ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەنە بىر تەرەپ-
تىن جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىز يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىككە ئاسا-
سەن، «بەشكە قارشى» كۈرەش داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە
مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتتۇق.

بىرىنچى، قەشقەردە تېجەشلىكنى تەكشۈرۈش كومىتېتى
تەشكىللەپ، ئۇنى «بەشكە قارشى» ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قى-
لىش ئاپپاراتى قىلىپ، سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ رەھ-
بەرلىكىنىڭ ئورنىغا قويدۇق. شۇنداق قىلىپ رەھبەرلىك ھو-
قۇقى بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى. مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم
ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى، شىنجاڭ رايونلۇق
پارتكومنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ كومىتېت تەركىبىگە قاتناشمايدى-
غان بولدۇم. ھاشىر بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇرېھىم
مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. باشقا بىر نەچچە يولداش بىلەن

سودا - سانائەت بىرلەشمىسىدىكى ئىپادىسى ياخشى بولغان ئىسلامجان (سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى) قاتارلىقلار كومىتېتنىڭ ھەيئىتى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كۆپچىلىك كادىرلار بىلەن سودا - سانائەت ساھەسىدىكى بەزى ئاكتىپلاردىن تەركىب تاپقان كەسپىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرگە بېرىپ، «بەشكە قارشى» كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، «بەشكە قارشى» ھەرىكەت ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولدى.

ئىككىنچى، خىزمەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى بېكىتىلىپ، كۆرەش قەدەم باسقۇچلۇق، رەتلىك ھەم تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە «بەشكە قارشى» ھەرىكەت بىر مەزگىل قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنۇمى دېگەندەك بولمىغانىدى. سودا - سانائەت ساھەسىدىكى بەزى ئاكتىپلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتنى بىرىنچى باسقۇچ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىدۇق. يەنى تەكشۈرۈش، پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش باسقۇچى، خۇلاسىلاش، تەرتىپكە سېلىش باسقۇچى ۋە بەرپا قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى قېزىلمىغان گۇمانلىق تەرەپلەرنى تېپىپ چىققىلى، شۇنداقلا كادىرلىرىمىزغا نىسبەتەن ئاكتىپلارنىڭ كۆڭلىدە سان بولاتتى - دە، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرگىلى بولاتتى.



ئۈچىنچى، ئاممىنى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش، پاش قىلىشقا ئاكتىپ ھەم دادىل بولۇشقا يېنىمۇ قوزغاپ، كۆرەشنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردۇق. خىزمەت گۇرۇپپىمىز كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تۈنجى قېتىم ئۈچ خىل ئىدىيىۋى توسالغۇغا ئۇچرىدى. 1. بەزى قانۇنسىز كىشىلەر قانداقتۇر «بىزنىڭ بۇ يەردە ‹بەش زەھەر› دېگەن نېمە يوق. بارنى تاپشۇرۇپ بولدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتتى؛ 2. بەزى كىشىلەر پاش قىلىش، مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۆچ ئېلىشتىن قورقتى؛ 3. بەزىلەر مەسىلە تاپشۇرۇشتىن، ئېغىر جازالىنىپ كېتىشتىن قورقتى. بىز ئىدىيە جەھەتتە توسالغۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىككى خىل ئاساسلىق چارىنى قوللاندۇق: بىرىنچى، ئىدىيىۋى خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بەش زەھەر» قىلمىشى بار كىشىلەرگە قارىتا چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ياكى ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق سىياسەتنى ئېنىق چۈشەندۈردۇق. پايدا - زىياننى دەڭسەپ، «قەلبىگە ھۇجۇم» قىلدۇق. كەڭ ئامما، بولۇپمۇ ئابرويلۇق كىشىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى تۈگەتتۇق. ئىككىنچى، سىياسەتنى نەقلەشتۈردۇق، مەسىلىسىنى بىرقەدەر تولۇق تاپشۇرغانلارنى ئالدى بىلەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدۇق؛ دەلىل - ئىسپاتى تولۇق ھەمدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى ئاگاھلاندۇردۇق. مەسىلىسى پەۋقۇلئاددە ئېغىر، پوزىتسىيىسى جاھىل كىشىلەرنى تۇختىتىپ قويدۇق. بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر ئارقىلىق ياخشى ئاساس سېلىنىۋالدۇق ۋە مەسىلە تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈندە نەچچە ئون پارچە پاش قى-

لىش، مەلۇم قىلىش، مەسىلە تاپشۇرۇش ماتېرىيالى قولىمىزغا
تەگدى. لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، خىزمەتلەردە يۇقىرى
دولقۇن كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بەزىلەرنىڭ يالغاندىن مەسىلە
تاپشۇرۇش ياكى تاپشۇرغان مەسىلىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىد-
ىكى ماتېرىياللار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز بۇ مەسىلىگە قارىتا
مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئېچىپ، تەنقىد قىلىش ۋە سەۋرچانلىق
بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدۇق ھەمدە ماتېرىياللارنى قايتا
- قايتا دەلىللەشتۇرگەندىن كېيىنلا، «بەشكە قارشى» تۇرۇش
كۇرىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئوڭۇشلۇق ئىزىغا چۇشۇرگىلى بو-
لىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

تۆتىنچى، يۇقىرى قاتلامغا بولغان بىرلىكسەپ خىزمىتىنى
ئىشلەشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىشلەش مۇھىم
تەدبىر بولۇپ، ئۇنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرغاندىلا كۇ-
رەش ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلاتتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق
خىزمەت باشلانغاندىن كېيىن، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى سۆھبەت-
كە ئۇيۇشتۇرۇپ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدۇق.
ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدۇق ھەمدە ئۇلارغا كونكرېت تەلەپلەرنى
قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە سودا - سانائەت ساھەسىدە
ئىپادىسى ياخشى بولغان يۇقىرى قاتلام ئەربابلارنى شەھەر دەرد-
جىلىك ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا قو-
بۇل قىلدۇق. كۇرەش جەريانىدا مەسىلىگە يولۇقساق، ئۇلارنى
ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بەزى ئادەملەرنى
بىر تەرەپ قىلىشتا، مەسىلەن، كەچۇرۇم قىلىش ياكى قاتتىق
بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدۇق. گۇرۇپپىمىز-
دىكى بىر نەچچە يولداش، بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم، ياقۇپ ھاجى
قاتارلىقلار كۆپىنچە يۇقىرى قاتلام زاتلارغا خىزمەت ئىشلىدى.



يولداش ياقۇپ ھاجىنى تەكشۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھېچقانداق
قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنىڭ يوقلىقىنى ئىگىلىدۇق. ئۇ ئامېرد-
ىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى پارتلىغان-
دا ئىككى ئايروپىلان ئىئانە قىلغان. ئۇنىڭ خىزمەتلەردىكى
رولى ئىنتايىن زور بولغاچقا، ئۇنى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك
قىلىشقا قويدۇق. بۇنىڭ ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بىز
ئىسلامجاننى تېجەشلىكنى تەكشۇرۇش كومىتېتىغا قاتناشتۇر-
دۇق، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق، بولۇپمۇ «بەش
زەھەر» قىلمىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان، پوزىتسىيە ناچار
ياكى ئەھۋالنى بىلسىمۇ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايۋاتقان كىشد-
لەرگە خىزمەت ئىشلەپ، ياخشى ئۇنۇمنى قولغا كەلتۇردۇق.
مەن بۇ بىر مەزگىللىك خىزمەت داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس
قىلدىمكى، بىز قانچىلىك رول ئوينىغان بولساق، يۇقىرى قاتلام
زاتلىرىمۇ تېگىشلىك رول ئوينىدى، ھەتتا ئۇلار ئوينىغان مەلۇم
روللارنى بىز تېخى ئوينىيالمىدۇق.

بەشىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ كاشىلا
پەيدا قىلىشىغا نىسبەتەن، كۆپ تەرەپلىمە چارىلەرنى قوللىنىپ
ھەل قىلدۇق. ئورگانلاردا قانات يايدۇرۇلغان «ئۇچكە قارشى»
(خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇ-
رۇشنى كۆرسىتىدۇ) ھەرىكەت داۋامىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى خىيانەتچى ئۇنسۇرلار تەرەپ-
تە تۇرۇپ ۋەز خانلىق قىلدى؛ بەزىدە پوزىتسىيىسى ئىنتايىن
قوپال بولدى. چۇنكى بىز «بەشكە قارشى» كۇرەش جەريانىدا
ئۇلارنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ كاشىلا پەيدا قىلىدىغانلىقىنى
مۆلچەرلىگەنىدۇق. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ قو-
شۇلۇشى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يول-

ـداش ۋاڭ دېمىن ئىككىمىز سوۋېت باش كونسۇلىغا «بەشكە
قارشى» ھەرىكەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇ-
نىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈردۇق ھەمدە ئۇلاردىن ماسلىشىپ
سوۋېت مۇھاجىرلىرىغا خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلدۇق. ئۇلار
ئۇقتۇرۇشقا ياخشى ئىپادە بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ
«ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتكە قىلغان سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن
قارىغاندا، ئىچىدە دېگىنى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمىگەنىدى. بىز
شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىمنىڭ كونسۇلخانا بىلەن بولغان چوڭقۇر
مۇناسىۋىتى بولۇشتەك رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولدۇق.
ئۇلار يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىدىغان بولسا، ئابدۇرېھىم
ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولدى. بۇ خىل ئۇسۇلدىمۇ مەسىلىنى ھەل
قىلغىلى بولاتتى. مەسىلەن، سىل X (سوۋېت كونسۇلى) ئۇ-
نىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇ بەكمۇ چېچاڭشىپ كەتكەنىدى،
لېكىن ئابدۇرېھىم كونسۇل بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش
قىلىۋىدى، ئۇنىڭ يولى ئېتىلدى. ئۇلار ئوخشاشلا بەزى قانۇن-
سىز سودىگەرلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرەتتى ... دائىم كېلىپ
بىزنى ئاۋارە قىلاتتى. مەلۇم بىر كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسى-
نىڭ بىر مۇئاۋىن كونسۇلى ئىشتىن ئاۋۋال ماقۇللىقىمىزنى
ئالماي، قەھرى - غەزەپ بىلەن ئىشخانىمىزغا بۆسۈپ كىرىپ
مېنى سوراققا تارتىپ كەتتى، ئۇ: سىلەرنىڭ «بەشكە قارشى»
دېگىنىڭلارنى لېنىن، ستالىنلارنىڭ قايسى ئەسىرىگە ئاساسلى-
نىپ قوزغىدىڭلار؟ دېدى. مەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆر-
سەتمىسىگە ئاساسەن تۈز ھەم مەردانىلىك بىلەن چۈشەندۈردۈم
ھەمدە ئۇنىڭغا: بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سىلەر بۇ نۇقتىغا
دىققەت قىلىڭلار، دېدىم. شۇندىلا ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلدى - دە،
كېتىپ قالدى. ئاشۇ بىر قېتىملىق كۈرەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ



يان تاياقلىرىنى يىغىشتۇردۇق. شۇندىلا كونسۇلخانا بىلەن ئالا-
قىسى بار «بەش زەھەر» قىلمىشى ئېغىر كىشىلەر مەنىۋى
تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ يۇۋاشلىشىپ كەتتى.
ئالتىنچى، كۆپ سانلىق ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئاز ساندىكى
ئادەملەرگە زەربە بېرىش فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇ-
رۇپ، «بەشكە قارشى» كۈرەشنى پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە
ساغلام قانات يايدۇردۇق. «بەشكە قارشى» كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى
قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قېتىملىق تەربىيىلەش
ھەرىكىتى ئىدى. لېكىن «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن
بۇنداق توغرا فاڭجېننى كۆپلىگەن ئادەملەر قوبۇل قىلالمايتتى.
بۇ ئاساسلىق ئىككى جەھەتتىن كەلدى. بىرى، كادىرلىرىمىز
ئارىسىدا ھەددىدىن ئارتۇق زەربە بېرىش ياكى قانۇن ۋاستىسى
ئارقىلىقلا مەسىلىنى ھەل قىلىشتەك «سول» چىل ئىدىيىسى؛
يەنە بىرى، ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئۆچ ئېلىش كەيپىياتى، ئۇ-
رۇپ قويغان ياكى تىللاپ قويغان، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالغان-
لارنى بىردەك قانۇنىي ۋاستىگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىش
خاھىشى. بىز بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، ئالدى بىلەن كادىرلار
ۋە ئاكتىپلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى-
نى قوللاندۇق، ئارقىدىن كادىرلار ۋە ئاكتىپلار بىر نەچچە كۈن
مەركەزلىك ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى بىلەن پىش-
شىق تونۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاممىنى ئۆگىنىشكە تەشكىل-
لەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈردۇق. بۇ ئارقىلىق
قەشقەردىكى «بەشكە قارشى» كۈرەشتە ئاز ساندىكى قانۇنغا ئې-
غىر ھالدا خىلاپلىق قىلغانلارغا زەربە بېرىپ، زور كۆپچىلىك
قانۇنغا بويسۇنىدىغان ۋە تۈپتىن بويسۇنىدىغان ئائىلىلەرنى تەربى-

يىلەشتەك مەقسەتكە يەتتۇق. قەشقەردە سودا ـ سانائەتچى جەمئىي 3330 ئائىلە بولۇپ، «بەشكە قارشى» هەرىكەت نەتىجىسىدە بۇلاردىن قانۇنغا بويسۇنغىنى 791 ئائىلە بولۇپ، 26.5% نى ئىگىلىگەن. ئاساسىي جەھەتتىن قانۇنغا رىئايە قىلغان ئائىلە 1736 ئائىلە بولۇپ، 58.3% نى ئىگىلىگەن. قانۇنغا 50% رىئايە قىلغان ئائىلە 431 بولۇپ، 14.4% نى ئىگىلىگەن، قانۇنغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان ئائىلە 19 بولۇپ، 0.64% ئىگىلىگەن، «بەشكە قارشى» ھەرىكەت ئوبيېكتلىرىغا كىرمەيدىغان 353 ئائىلە ئاساسەن يايمىكەشلەر بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلغان، كۈرەش داۋامىدا ئۈچ كىشى قولغا ئېلىنغان، بۇ سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ 1000 دىن بىرىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ قەشقەردىكى «بەشكە قارشى» ھەرىكەتتە پارتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىمىز ئىنتايىن ياخشى بولدى.

قەشقەردە قانات يايدۇرۇلغان «بەشكە قارشى» كۈرەشنىڭمۇ يېتەرسىزلىكلىرى بار ئىدى. بەزىلىرىنى كۈرەش داۋامىدا بايقاپ، دەرھال تۈزەتتۇق. بەزىدە تۈزىتەلمىدۇق. مەن ھازىرغىچە ئىككى يېتەرسىزلىكنى بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىمىزنى ئۇنۇتمايمەن. 1. بېشى چىڭ، ئايىغى بوش بولۇپ، ئاخىرقى بەرپا قىلىش باسقۇچىدىكى خىزمەتلەر پۇختا بولمىدى. بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى، سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىمىدۇق. ئۇنى كەڭ سودا ـ سانائەتچىلەرنى سوتسىيالىزم يولىغا باشلايدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندۇرالمىدۇق. يەنە بىرى، قەشقەر شەھىرىدىكى سانائەتنىڭ قالاق بولۇش ئەھۋالىنى قانداق ئۆزگەرتىشنىڭ كونكرېت چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدۇق. 2. بەزى يۇقىرى



قاتلام زاتلىرى ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىدۇق. مەسىلەن، ئىسلامجاننى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، گەرچە مەن ئۇ چاغدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەتكەن ئىدىم. كېيىن بەزى يولداشلاردىن ئاڭلىشىمچە، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇ سودا ـ سانائەتچى ئەمەس، دەپ ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئورۇنلاشتۇرماپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن.

قەشقەردە قانات يايدۇرۇلغان «بەشكە قارشى» ھەرىكەت غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ بىرىنچىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەر ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشى؛ ئىككىنچىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ يېتەكلىشى ۋە قوللىشى؛ سەيپۇللايوف، زېڭ گۇاڭمىڭ، ۋاڭ دېمىن، فېڭ دا ۋە ليۇ جىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى ۋە قوللىشىدىن بولدى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. ئالەمدىن ئۆتكەن زېڭ گۇاڭمىڭ، ۋاڭ دېمىن قاتارلىق يولداشلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى)

**ئەھمەت راھمان** تەرجىمىسى

# باشئەگىم دىيارىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى سانىيە قادىر توغرىسىدا

ئىسمائىل ئاپپاق

بارلىق سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ناخشا سەنئىتى خەلقنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، قايغۇسىنى، خۇشاللىقىنى ئەڭ توغرا، ئەڭ تېز رەۋىشتە ئىنكاس قىلىدۇ. ئىنسان ماددىي ئوزۇققا مۇھتاج بولغاندەك مەنىۋى جەھەتتىكى روھىي ئوزۇققىمۇ مۇھتاج بولىدۇ.

ناخشا ـ ئىنسان روھىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئوزۇقىدۇر. ناخشا ـ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغىتىپ كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدۇ، ھارغىنلىق ۋە خاپىلىقنى يوقىتىپ كىشىلەرنى ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

باينغولىن ئوبلاستىنىڭ سەنئەت سېپىدە ئۆزگىچە ئىقتىدار ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك مەنىۋى ئوزۇقىنى بېيىتىپ كېلىۋاتقان يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشا ئارتىسى سانىيە قادىر ئەنە شۇنداق خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئوبلاستىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئاتاقلىق پېشقەدەم ناخشىچىلىرىمىزدىن بىرىدۇر.

باينغولىن ئوبلاستىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە ئۆزگىچە ئىقتىدار ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمەت ئېتىبارىغا ئىگە بولۇپ



كېلىۋاتقان پېشقەدەم ناخشىچى سانىيە قادىر ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى جاپالىق تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرىپ، تىرىشىپ ناخشا ئېيتىش مەشقى قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

سانىيە 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قاراشەھەر ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا ئاپىرىدە بولدى. ئۇ تۇغۇلۇپ 3 يىلدىن كېيىن ئانىسى ئايشەمخان فېئوداللىق ئائىلە باشقۇرۇش تۈزۈمىگە چىدىماي ئېرىدىن خېتىنى ئېلىپ، كىچىك سانىيە بىلەن بىللە ئۇ ئائىلىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ سەبىي بالىلىق دەۋرى قايدۇ دەرياسى بويىدا يېتىملىك، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتتى.

سانىيە مەكتەپ يېشىغا توشقاندا ئانىسى تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەپ خوتۇنسومول ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەتتى. سانىيەنى شۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇش بىلەن بىرگە سىنىپلاردا بالىلار ناخشىلىرىنى جاراڭلىق توۋلاپ، سىنىپنىڭ شېئىر باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا تەبىئىي يۇقىرى چىقاتتى، ھەم ئۆزىمۇ ناخشا ئېيتىشقا ھېرىسمەن ئىدى. مەكتەپكە بېرىش ـ كېلىشلەردە، ئائىلىدىكى ئىشلارغا ياردەملىشىۋاتقان ۋاقىتلاردا داۋاملىق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بالىلار ناخشىلىرىنى ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان خەلق ناخشىلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي غىڭشىپ توۋلايتتى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭدا سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق ئاستا ـ ئاستا يېتىلىشكە باشلىدى.

1957 ـ يىلى كۈزدە سانىيە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ قاراشەھەر ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

ئۇ مەكتەپتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدى. تۇنجى قېتىم مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىپ، «مەن مەكتەپنى سۆيىمەن» دېگەن جاراڭلىق ناخشىسى بىلەن مەكتەپتە تونۇلدى. شۇ ۋاقىتتىكى سانىيەنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئاۋۇت ئاپپاق① ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ نەپىس - سۇزۇكلۇكىنى، كەلگۈسىدە ياراملىق ناخشا ئارتىسى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى سىنىپنىڭ سەنئەت كۇرۇژوكىغا مەسئۇل قىلىپ تەربىيىلىدى. شۇندىن باشلاپ مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت پائالىيەتلىرىدە سانىيە ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن لەپەر، ئېتوت ۋە يالغۇز كىشىلىك ناخشىلارنى ياخشى ئورۇنداپ نەتىجىگە ئېرىشىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران - ھەس قالدۇردى.

بىر قېتىم سىنىپ مەسئۇلى ئاۋۇت ئاپپاق مۇئەللىم ئۆزى يېزىپ چىققان «زەينەپنىڭ ئىرادىسى» ناملىق ئىككى كۆرۈنۈشلۈك كىچىك درامىدا باش رولنى، يەنى «زەينەپ» نىڭ ناخشا بىلەن ئورۇندىلىدىغان رولىنى ئېلىپ چىقىشقا سانىيەنى بەلگىلىدى. سانىيە بۇ رولنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىن مۇكاپاتلاندى ھەم بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

1959 - يىلى بايىنغولىن سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىس قوبۇل قىلغىلى كەلگەن مۇناسىۋەتلىك رەھبىري يولداشلار ھەم پېشقەدەم ئارتىسلار قاراشەھەر ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ، ئارتىس تاللىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە سىنىپ مەسئۇلىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ھەم سانىيەنى نەق مەيداندا ناخشا ئېيتقۇزۇپ بېقىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن تالانتنى بايقاپ 14 ياشقا

① كېيىن ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولغان، ھازىر پېنسىيىدە



كىرگەن سانىيەنى ئۆمەككە ئارتىسلىققا قوبۇل قىلدى.

ئۇ ئۆمەككە كەلگەندىن كېيىن پېشقەدەم ناخشىچى، ئارتىسلارنى ئۇستاز تۇتۇپ جاپالىق مەشقنى باشلىۋەتتى. 1961 - يىلى ئوبلاست بىلەن ۋىلايەت بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆمەك كورلىغا كۆچۈپ كېلىپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بولۇپ قۇرۇلدى.

شۇ يىل 5 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى بىرلىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سەييارە ئويۇن قويۇشقا بارماقچى بولىدۇ. سانىيە باشقا تاللانغان ئارتىسلار بىلەن بىللە شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، بېيجىڭ، تيەنجىن، دالييەن، يەنبيەن قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىدۇ. بۇ جەرياندا سانىيەنىڭ نەزەر دائىرىسى ئېچىلىپ ئۇ جايلاردىكى داڭلىق ناخشىچى، سەنئەتكارلار بىلەن ئۇچرىشىپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن سانىيەدىكى سەنئەتكە، كەسپكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق تېخىمۇ ئېشىپ باردى.

ئۆمەك رەھبەرلىكى سانىيەدىكى يوشۇرۇن تالانتنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەم ھەر تەرەپتىن كەسپنى ئىگىلەشكە يېقىندىن ياردەم بېرىپ، ئۇنى نۇقتىلىق تەربىيىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى ھەم 1962 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

مەرھۇم پاتەم قۇربان سانىيەگە يېتەكچىلىك قىلىپ قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ يەرلىك پۇراقلىرى، رېتىمى، ئاھاڭ مېلودىيىلىرى قاتارلىق ئىنچىكە ھالقىلىرىدىن تارتىپ ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ كەسپىي ناخشا ئېيتىش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

سانىيە بىر ئاي ئىچىدە قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدىن «لەيلىگۈل»، «گۈل ئايشەم»، «قەھرىمان بالا»، «ئاسىگۈل»، «بوستان چاچ بالا» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، تەلەپكە لايىق ئېيتالايدىغان بولۇپ قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۆمەككە قايتىپ كېلىپلا خەلق ناخشىلىرىنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ھەر مىللەت خەلقى بىرگە ياشايدىغان بولغاچقا، سانىيە ئۆز مىللىتىنىڭلا ناخشىسىنى ئېيتىپ قالماي باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ناخشىسىنى ئېيتالايدىغان بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى.

ناخشا ئېيتىش سانىيەنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ناخشىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى، ناخشىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ناخشا كەسپىنى ئۆگىنىشكە بولغان چوڭقۇر مەسئۇلىيەتچانلىقىدا ئىپادىلەندى، دېيىشكە ھەقلىقمىز، چۈنكى ناخشىنى ئۆزىگە خاس پۇراق بىلەن ئېيتىپ، ئۇدارغا چۈشۈرۈپ گۈزەل ئاھاڭ مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش كەسپتە بىر سىستېمىلىق تەربىيە كۆرمىگەن بىر ناخشىچى ئۈچۈن تولىمۇ تەس ۋە مۇرەككەپ ئىش ئىدى.

سانىيە كەسپىدىكى بۇ ئاجىزلىقنى سېزىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەشق قىلىپ، پېشقەدەم ئارتىسلاردىن ئاددىي نوتا، خەلقئارالىق بەش سىزىقلىق نوتىلارنى ئۆگىنىپ، ناخشىلارنى نوتىغا سېلىشنى، نوتا ئارقىلىق ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدى، ھەم ئۆزى تىرىشىپ دۇتار ۋە باس ئىسكىرىپكىلارنى ناخشا بىلەن بىمالال چالالايدىغان بولدى.



شۇ ۋاقىتلاردا ئۆمەكنىڭ شارائىتى بەك ناچار بولۇپ، ئوبلاستنىڭ ناھىيىلىرىگە ياكى تۈەن، مەيدان، يېزىلارغا ئويۇن قويغىلى بارغاندا ئارتىسلار يوتقان - كۆرپىسىنى ئۆزى ئېلىپ ماڭاتتى. يول ناچار، ياتاقلار ئاددىي، قاتناش قورالى يوق دېيەرلىك ئىدى. سانىيە مۇشۇ جاپالىق كۈنلەردە پىشىپ يېتىلدى. نەگىلا بارسا ئۆزىگە بۆلۈنگەن ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت كۆرىكىگە ئۆمەك رەھبەرلىكى سانىيەنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە ئۈچ مىللەتنىڭ ناخشىسىنى ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى بەردى.

سانىيە بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ جىددىي مەشىقنى باشلىۋەتتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا سانىيە تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئويۇن قويۇش زالىدا ئۇيغۇرچە «سالام بېيجىڭ پايتەختىم»، موڭغۇلچە «ئۈچ رومكا سۈت ھارىقى»، خەنزۇچە ئاتاقلىق جىڭجۈي ئارتىسى جاڭ شاڭيۈەن ئېيتقان خېنەن باڭزىسى قاتارلىق ناخشىلارنى يۇقىرى ماھارەت ۋە ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراق بىلەن ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەھنىدە جىڭجۈي ناخشىسىنى ئېيتىشى ھەم بۇ ناخشىنى خېنەننىڭ يەرلىك پۇرىقى بىلەن ئېيتقانلىقى ئۈچۈن خەلق تىياتىرخانىسى زىل - زىلىگە كېلىپ، سانىيەنى ئۇزۇنغىچە چاۋاك بىلەن ئالقىشلاپ سەھنىگە ئارقىمۇ - ئارقا چىقاردى.

كۆرەك ئاخىرلاشقاندا سانىيە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت

نازارىتى تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئورۇنداش مۇكاپاتى» بىلەن تەقدىرلىنىپ ئوبلاستقا ۋە يۇرتىغا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

جۇزۇڭلى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەندە سانىيە تەكلىپ بىلەن خەنزۇچە «نەنىنىۋەن» دېگەن ئىنقىلابىي ناخشىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ زۇڭلىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

يۇقىرى رەھبەرلىك سانىيەنىڭ يۇقىرىقى ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە تەييارلىق قىلىشقا ئېلىپ قالدى.

بۇ پۇرسەتنى ياخشى ئىگىلىگەن سانىيە ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشاننى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق ئۆگەندى.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئالتە ئاي تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىش نەزەرىيىسىنى، ناخشا ئېيتىش ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

1965 - يىلى سانىيە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭغا بېرىپ 12 مۇقام ئاساسىدا ئورۇنلانغان چوڭ تىپتىكى «خەلق گۈزەشتىسى ياشىسۇن» ناملىق ناخشا - ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ناخشىلىرىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئورۇنداپ پايتەخت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئارىلىقتا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جۇزۇڭلى، چېن يى، خېلوڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئۇ قايتىپ كېلىپ سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرگە يېرىم يىل تۇرمۇش ئۆگىنىش ھەم سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوقات قارامودون يېزىسىغا چۈشتى.

بۇ جەرياندا ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن يېزا ئەتراپىدىكى كەنت مەكتەپلىرىدە ئېچىلغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە كەچكى پائالىيەتلىرىدە يېڭى - يېڭى قىزىقارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن يېزا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇردى.

سانىيە ئۆز كەسپىدە تازا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە يەنى 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، ئۇنى سەھنە ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى. سانىسىزلىغان بىگۇناھ كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ سېرىق ناخشىلىرىنى ئېيتقان دېگەن قالپاقلارنى كەيدۈرۈپ ئوبلاستلىق سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئەۋەتىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى.

ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشى پۈتۈنلەي چەكلەندى. بىراق، بۇ قەيسەر كۈيچىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئوتىنى ھېچقانداق زوراۋان كۈچ ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمىدى. ئۇ ھەركۈنى سەھەر تۇرۇپ ئاۋاز مەشىقى قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. ئۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىشىنەتتى. ئاخىرى سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى باشلاندى، سانىيەمۇ ئاقلىنىپ سەنئەت ئۆمەككە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ھاياتىنىڭ خىلمۇخىل سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ
ئۆز كەسپىنىڭ، جۈملىدىن ئۆز تەقدىرىنىڭ خەلق بىلەن، دەۋر
بىلەن تېخىمۇ چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتـ-
تى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل
سەنئىتى باھار شامىلىدەك مەۋج ئۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتنى قاپـ-
لىدى. سانىيەمۇ قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ خەلق ناخشىلىرىنى
ئورۇنداش بىلەن بىرگە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى
يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزـ-
غىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.
ئۇ پارتىيىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەپ بۈگۈنكىدەك شان ـ
شەرەپلەرگە ئېرىشتۈرگەنلىكىگە، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىـ-
كىگە ۋە ئەۋزەل شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىگە
رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن «پارتىيەم»، «پارتىيە شەنىگە»، «ۋەـ-
تەنگە مەدھىيە»، «ۋەتىنىم ـ ئىپتىخارىم»، «ۋەتەندە باھار»
» قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنداپ، پارتىيىگە، ۋەتەنگە بولغان
كۆچلۈك مۇھەببەت ساداقىتىنى ئىپادىلىدى.
سانىيە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دراما سەنئىتىدە ئۆز رولىنى
جارى قىلىپ «غۇنچەم»، «باي ۋە مالاي»، «تىنچىسىز دېڭىز
ساھىلى»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «شەرققە قايتىش» قاتارلىق
درامىلارنىڭ باش رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ ئۆز ئىقتىـ-
دارىنى نامايان قىلدى.
1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دراما
كۆرىكىدە يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل يازغان «نەشپۈتزارلىقـ-
تا» ناملىق درامىدا باش رولنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنداپ،
ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئوـ-



رۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن
تەقدىرلەندى.
1991 ـ يىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتـ-
چىسى پەرھات ئابدۇرېھىم يازغان «ئۆركەشلە ـ سۆيگۈ دەرياـ-
سى» ناملىق درامىدا باش رولنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوـ-
رۇنداپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن يەنە
بىر قېتىم «ئالاھىدە ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ ئوبلاستـ-
تىكى ھەرمىللەت خەلقىگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى.
1984 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئىدـ-
دى. ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى يۇقىرىنىڭ خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان قىسىملارـ-
دىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇش توغرىسىدىكى ۋەزىپىسىنى تاپشۇـ-
رۇۋالدى. ئاپتوموبىل ئاپئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان
بالغۇنتاي تاغلىق رايونىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ قىسىم جايلاشـ-
قان تونېل ئاغزىغا يېتىپ كەلدى. نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسـ-
تىن ئاشىدىغان مۇدھىش سوغۇقتا جەڭچىلەر بىرى يارىلانسا
بىرى ئىز بېسىپ تونېل ئىچىدە پارتلىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ
بېرىۋاتاتتى. سانىيە يارىلانغان جەڭچىلەرنىڭ بەدىنىدىن تۆمۈرـ-
يول رېلىسىغا، ئاپئاق قار ئۈستىگە ئېقىپ چۈشكەن ئىسسىق
قانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تونېل ئاغزىدا ئويۇن باشـ-
لاندى، سانىيەنىڭ ئاۋازى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسىـ-
دىكى دەھشەتلىك شىۋىرغاننىڭ چىلبۆرىدەك ھۇۋلاشلىرىنى بېـ-
سىپ چۈشتى.
سانىيە ئېيتقان خېنەن ۋە سىچۈەننىڭ يەرلىك ناخشىلىرىنى
ئاڭلىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر «ياخشى، ناھايىتى ياخشى، بىز
بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك

ناخشىلىرىنى بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ بۇنداق ياخشى ئېيتىپ بېرىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمىز» دەپ ئۇزۇنغىچە قىزغىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆمەك رەھبەرلىكى سانىيەنى يەنىمۇ مۇكەممەل تەربىيىلەش ئۈچۈن مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا ئىنىستىتۇتىغا يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ كەسپىي ساپاسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. سانىيەنىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە قوشقان تۆھپىلىرىنى پارتىيە، خەلق ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى تۆھپىسى ۋە ئابرۇيىغا ئاساسەن 1986 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ سىياسىي كېڭەش بايىنغولىن ئوبلاستلىق كومىتېتى 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئەزاسلىققا سايلاندى. 1988 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەخسۇس ئۆمەك تەشكىللەپ لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىن كەلگەن دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر تەركىبىدە سانىيەمۇ بار ئىدى. ۋەكىللەر ئۇنى بىر نەچچە نومۇر ئورۇنداپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. سانىيە شۇئانلا قوشۇلۇپ جەڭچىلەرگە ساپ خەنزۇ تىلىدا «كىممۇ ئۆز يۇرتىنى سۆيمەيدۇ» دېگەن ناخشىنى ئورۇنداپ بەردى. كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىن كەلگەن بىر كوماندىر سەپ ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن «پولاتتەك جەڭچى» ئوردېنىنى سانىيەنىڭ كۆكرىكىگە ھۆرمەت بىلەن تاقاپ قويدى ھەمدە ھاياجىنىنى ئۇزاققىچە باسالماي ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇپ قىزغىن تەشەككۇر ئىزھار قىلدى. شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە سانىيەنىڭ كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان ناخشىلىرى-



دىن سۆيۈنگەن ھەرمىللەت خەلقى: شىنجاڭنىڭ بۇلبۇلى پاشا ئىشان بولسا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بۇلبۇلى سانىيە دەپ تەرىپلىشىپ كەلمەكتە.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكىدە سانىيە ئورۇنلىغان «يېشىل بوستان مېنىڭ يۇرتۇم» دېگەن ناخشا ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە بىر قېتىم «ئالاھىدە ئورۇنداش» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئوبلاستىمىزغا شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ئورۇندىغان «يېشىل بوستان مېنىڭ يۇرتۇم» دېگەن ناخشىنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلانغان ناخشىلار تەركىبىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسلىرى قايتا - ئاڭلىتىپ سانىيەگە تېخىمۇ ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

سانىيە ئۆمەكتە ئارتىسلار بىلەن چىقىشىپ ئىناق - ئىجىل ئۆتەتتى. رەھبەرلىك ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىلەرنى جان - دىل بىلەن ئورۇندايتتى. ئۇ ئۆمەكتە ناخشا مۇئەللىمى، ناخشا يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ياش قىز - ئوغۇل ئارتىسلارنى كەسپىي جەھەتلەردىن تەربىيىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرىدىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئايتىللا خالىق، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى خالىدە ئەيسا قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ھازىر ئۆز رولىنى جارى قىلىپ، جاراڭلىق ئاۋازلىرى بىلەن پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننى، خەلقنى كۈيلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلى-

ـرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.
1995 ـ يىلى بايىنغۇل موڭغۇلىن ئاپتونوم ئوبلاستى بد-
لەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدو ئۆلكىسى ئۆزئارا دوستلۇق
مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى
ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش
مەقسىتىدە تاشقى موڭغۇلىيىگە چىقىدۇ. ھال سوراش ئۆمىكى
تەركىبىدە سانىيەمۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ تاشقى موڭغۇلىيد-
ىنىڭ قوبدو رايونىدا ۋە باشقا شەھەر يېزا ـ يايلاقلاردا موڭغۇل
قېرىنداشلارغا موڭغۇل تىلىدا «ئاق خادا» ، «گۈزەل باينبۇ-
لاق» ، «ئۈچ رومكا سۈت هارىقى» قاتارلىق ناخشىلارنى موڭ-
غۇلچە خاس ئۇسلۇبتا ئورۇنداپ، شۇ يەردىكى موڭغۇل قېرىن-
داشلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. نەتىجىدە
تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدو ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى
سانىيەنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن شۇ يەرنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى
بولغان ئالتۇن مېدال ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىدى. بۇنىڭ بىلەن
ئۇ ۋەتەنگە، ئاپتونوم رايون، ئوبلاستىمىزغا چەكسىز شان ـ
شەرەپ كەلتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.
ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا
بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ھاياتلىق مۇساپىسى» دېگەن كىتابتا،
1993 ـ يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا،
1995 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ھەم شۇ يىلى «بايىنغولىن
گېزىتى» دە، 1990 ـ يىلى «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە ھەم
بىگتۇەن گېزىتىنىڭ 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى
سانىدا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «كروران» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ
يىللىق 2 ـ سانى قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاپتونوم



رايونىمىزدا تونۇلغان ئەل سۆيگەن ناخشا ئارتىسى سانىيەنىڭ
سەنئەت تارىخى، سەنئەت تۆھپىسى تەپسىلىي يېزىلىپ كەڭ
ئاممىغا تونۇشتۇرۇلدى.
2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەدەبىيات ـ
سەنئەت بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل
ئۆمىكى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «داۋاندىن ئاشقانلار» سەنئەت فى-
لىمىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ساھەسىدە ئالاھىدە تۆھپد-
ىسى بار ئاتاقلىق پېشقەدەم ئارتىسلار بىلەن بىللە سانىيەنىڭ
سەنئەت ھاياتىمۇ مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىگە
ئېرىشكەن بىر قىسىم ناخشىلىرى فىلىمدا قايتا كۆرسىتىلدى.
سانىيە ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋا-
لىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، تەشكىلگە ئارامغا چىقىش
ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىپ 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
پىنسىيىگە چىقتى. ئەمما ئۇ پىنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ناخشا
سەنئىتىگە بولغان ئىشتىياقى ھەرگىز پەسەيمىدى. ئۇ ئوبلاست-
لىق مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان
ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ
سەھنىلەردە جاراڭلىق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ تۇردى.
2003 ـ يىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن كورلا سەنەملىرىنى، دولان مەش-
رەپلىرىنى ھەم لوپنور خەلق قوشاقلىرىنى قېزىپ رەتلەشكە
مويىدىن سايىت قاتارلىق يازغۇچى، ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە
قاتناشتى. ئۇ كورلىنىڭ يىراق يېزىلىرىغا بېرىپ كورلا سەنەم-
لىرى ۋە دولان مەشرەپ تېكىستلىرىنى رەتلەپ يىغىش بىلەن
بىرگە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يىراق يېزىلىرىغا بېرىپ، ئىنچىكد-

لىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ لوپنۇر قوشاقلىرى ۋە ناخشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ ۋە لېنتىغا ئېلىپ، ئوبلاستىنىڭ ئەدەبىيات يەنى كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەم ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئىتىنى رەتلەپ چىقىش ئىشلىرىغا ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلماي مىننەتسىز قاتنىشىپ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى يار بەرمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئوبلاستلىق ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت پائالىيەتلىرىدە خەنزۇچە، موڭغۇلچە ناخشىلارنى ئېيتىپ، ھەم ياڭگار ئۇسۇللىرىنى ئويناپ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

2007 - يىلى سانىيە خەلققە كۆپرەك پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئوبلاستلىق مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش مېھرىبان ئانىلار بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزدى. 2007 - يىلى 11 - ئايدا سانىيە ئاپتونوم رايونلۇق مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش مېھرىبان ئانىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش مېھرىبان ئانىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا بېرىپ ھال سوراشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوندىن ھەم ئوبلاستتىن ئېلىپ بارغان ماددىي بۇيۇملارنى نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ چوڭقۇر رەھمىتىگە ئېرىشتى.

سانىيە ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىدىن بەش قېتىم؛ ئوبلاست دەرىجىلىك مۇكا-



پاتتىن ئون ئۈچ قېتىم، دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىر ئالتۇن مېدال ئالدى. ئۇ ئۆزىگە، ۋەتەنگە بايىنغولىن ئوبلاستىغا ھەم ھەر مىللەت خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈردى، نەتىجىسىدە ئۇ «دۆلەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك ئارتىس» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

سانىيە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسىگە «ناخشا ئېيتىش بىلەنلا شان - شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىش ناتايىن، گەپ ناخشىنى قانداق ئېيتىشتا. ناخشا ئېيتمايمۇ شان - شەرەپ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش مۇمكىن، لېكىن 100 يىل ياشايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز، مىڭ يىلغىچە خەلقنىڭ ئېسىدە تۇرىدىغان ناخشا ناھايىتى كۆپ. شان - شۆھرەت، سەلتەنەت ئۈچۈن ناخشا ئېيتمايمەن، بەلكى خەلقىمگە، جانجان ۋەتىنىمنىڭ چىن سۆيگۈسىنىڭ، ئەزىزانە ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئوبدانراق تونۇتۇشنى كۆزلەيمەن. بۇ مەندىكى يۈكسەك غايە ... » دەپ يازىدۇ. مانا بۇ سانىيەنىڭ يۈرەك سۆزى ھەم ناخشا ئېيتىش قىبلىنامىسىدۇر.

سانىيە ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر سەنئەت ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇ بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى ھەم سايراپ ھارمايدىغان بۇلبۇلى. قاراشەھەر خەلقىنىڭ پەخرى ھەم غورۇرى.

ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىغا خۇشاللىق، تېنىگە مەڭگۈ سالامەتلىك، ئائىلىسىگە چەكسىز بەخت تىلەپ، يېقىملىق ئاۋازىنىڭ سەنئەت ئاسمىنىدا تېخىمۇ ياڭراق جۇلالىنىپ پەرۋاز قىلىشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشمىز.

(ئاپتور: باغراش ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن)

# 1962 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بورتالادا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

قۇربان داۋۇت

بۇندىن 44 يىل ئاۋۋال بورتالا ئوبلاستىدا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پاسپورت ئارقىلىق چەتكە كېتىش ياكى چېگرادىن قېچىش ئەھۋالى يۈز بەرگەن. گەرچە شۇ يىللىرى ئادەملەرنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ئەھۋالى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭكىدەك ئېغىر بولمىسىمۇ ۋەزىيەت مۇرەككەپ ئىدى. مەن بۇ تەزكىرە ماقالەمدە ئەشۇ يىللاردىكى ئەھۋالنى ھەم ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلىگەنلىكىنى، كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ خاتىرجەم قىلغانلىقى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن مەنىۋى بۇزغۇنچىلىقىنى ئازراق بولسىمۇ بايان قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

1946 ـ يىلدىن كېيىن بورتالادا كۆپ ساندا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى مۇھاجىرلىق سالاھىيىتىدە ئولتۇراقلاشقانىدى (ئاساسلىقى روس، تاتار). 1950 ـ يىللاردىن تارتىپ 1960 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دۆلىتىگە قايتقان بولسىمۇ بىر قىسمى قايتمىدى. شۇ چاغدا



بورتالادا «سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى» بار ئىدى (ئورنى ھازىرقى شىڭبو سودا بازىرىدا). يەرلىك كىشىلەر ئۇنى سوۋ گىراجدان دەپ ئاتايتتى. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ئوبلاستنىڭ مۇقىملىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلغا ئايلاندى. سەۋەبى: 1950 ـ يىلى مۇھاجىرلار جەمئىيىتى قورۇسىغا روسلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بولسا، 1960 ـ يىلى قورۇغا قازاق، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمى يېتىپ قالدى. ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىمە بويىچە مۇھاجىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى بولغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. جىنايەت سادىر قىلىپ قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان سوۋېت مۇھاجىرلىرى تۈرمىدىن بوشىتىلدى. ۋاقتى توشمىغان زايومىلىرىنى بانكا قەرەلدىن بۇرۇن نەق پۇلغا ئايرىباشلاپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ بىساتىنى ئېلىپ كېتەلەيدىغانلا بولسا ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن ئاياقلاشمىدى. ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى پاسپورتىنى كۆرسىتىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار خىزمىتىنى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ باردى.

1. ئائىلىسى بىلەن كېتىدىغانلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ماشىنىسى يۆتكىدى. ئۇلارنىڭ مېڭىش ۋاقتىنى ج خ ئىدارىسى بىلەن مۇھاجىرلار جەمئىيىتى بىرلىكتە بېكىتتى.
2. ئائىلىسى بىلەن ياكى يالغۇز كېتىدىغانلار غۇلجا شەھەر-

ـرىگە بېرىپ كونسۇلخانىدا رەسمىيەت بېجىردى. قاتناش ھەققىـ
ـنى ئۆزلىرى تۆلىدى.

3. ئۈچىنچى باسقۇچ 1962 ـ يىلى 1 ـ ئايغا توغرا
كەلدى. چىقىپ كېتىدىغانلارغا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى ھاـ
زىرقى 5 ـ دېۋىزىيە سېمونت زاۋۇتى ئورنىدا كۆچمە ئۆي
تەسىس قىلىپ، مېڭىش ۋاقتىنى بېكىتتى. ج خ ئىدارىسى
ئۇلارغا كەسكىن مۇئامىلە قىلدى. بورتالادىكى ئادەملەر بۇلارنىڭ
قاچان، قەيەردە سوۋېت گىراجدانى بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ
يېتەلمەي ھەيران قالغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋلادمۇـ
ئەۋلاد بورتالادا ياشىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ
ئانا ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئىنتايىن ئاپەت خاراكـ
ـتېرلىك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئوبلاستلىق
پارتكوم پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى
رەھبەرلىرى قاتناشتۇرۇلغان يىغىن ئېچىپ، تاقابىل تۇرۇش
تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىـ
ـرى باش بولۇپ جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدىكى گۇڭشې، چارۋىـ
ـچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنى
قانات يايدۇرۇش ۋە بۇ خىزمەتكە كادىر ئاجرىتىشنى قارار قىلىـ
ـدى. ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن
شيۇتيەن، تۆربايىر، بازاربېك، تۇراخۇن جامال، مۇھەممەت
ھاجىيۇپ قاتارلىق يولداشلار ئىككى ناھىيىگە بۆلۈنۈپ بېرىپ
بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلىدى.

بىرىنچى، قاتلامـمۇقاتلام سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ يوشۇرۇن، ئاشكارا ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇتراتقۇـ
لۇق، پىتنە ـ ئىغۋا، ئالدامچىلىق تۈسىنى ئالغان تەشۋىقاتلىرى
پاش قىلىندى. دەسلەپكى قەدەمدە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ



ئىدىيىسى تۇراقلاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچى، ئىككى ناھىيە تەۋەسىدە جامائەت ئىچىدە ئابـ
ـرويلۇق شەخسلەر، دىنىي مۆتىۋەرلەر قاتنىشىشىدا كۇرس ئۇـ
يۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇـ
رۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى.

ئۈچىنچى، ئوبلاستىنىڭ سوۋېت قازاقىستان ئىتتىپاقداش
جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرالىنىدىغان 380 كىلومېتىر لىنىيەـ
ـسىنىڭ ئالاتاغ، ئاقساي، بوردا، قاراتۇرۇق، ئارچات، مىلـ
چىك، قۇستاي، ساربۆرەك، قازان قاتارلىق جايلارنىڭ چېگرا
ئېغىزلىرىنى قوغداپ تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالدىـ
ـنى ئېلىش ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە چېگرا مۇداپىئە خەلق
ئەسكەرلىرى تەشكىللەندى. تەشكىللەنگەن قوراللىق ئەترەت
ھەرقايسى گۇڭشې، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانـ
ـلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

تۆتىنچى، چېگرا بويلاپ ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنىڭ
ماللىرى قوغدالدى. بولۇپمۇ چارۋىچىلار ئىچىدىكى سوۋېت ئىتـ
ـتىپاقىغا چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ياكى كېتەيمۇ ـ
كەتمەيمۇ دېگەن ئويدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان چارۋىچىلارنى
ئالماشتۇرۇپ، چارۋا ماللار ئىدىيىسى ساغلام، تەشكىلگە سادىق
مالچىلارغا تاپشۇرۇلدى.

بەشىنچى، پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جىڭ، ئارشاڭ،
بورتالا ئوبلاستىدىكى گۇڭشې، چارۋا مەيدانلاردىكى ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش بىـ
ـلەن بىرگە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇـ
لارنى رەخت، ئاشلىق، كىرسىن، چاي ۋە باشقا تۇرلۇك تۇرـ

مۇش بۇيۇملىرى بىلەن قەرەللىك، پىلانلىق تەمىنلەپ ئۇلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىغا كاپالەتلىك قىلدى.
تەشۋىقات نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىش تەييارلى-
قى قىلغان 20 ئائىلە ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ پاسپورتنى ئىنا-
ۋەتسىز قىلدى. تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىنىش بىلەن بىرگە
ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى ئۆزلىرىنى گىراجدان دەپ مەلۇم
قىلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى يىغىپ يىغىن
ئېچىپ، پاسپورت، ئىلتىماس قەغىزىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكىنى
ئېلان قىلدى. بىر قىسىملار قايىل بولماي غۇلجا شەھىرىگە دەۋا
قىلىشقا كەتتى. 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئوبلاست-
لىق پارتكوم ئالاتاغ ئېغىزى، بوردا، قاراداۋان، قاراتۇرۇق،
چىمكۆكتىن ئىبارەت مۇھىم تاغ ئېغىزلىرىدا چېگرا مۇداپىئە
چازىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنداقتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى
تەرەپ چېگراسىنى ئېچىۋېتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغاچقا 30 ئادەم
قېچىپ كەتتى. چارۋا مال زىيانغا ئۇچرىمىدى. ئۇرۇمچىدىن
ماشىنا بىلەن قويتاش ئىچىگە كېلىپ، ماشىنىغا ئوت قويۇپ
بېرىپ چېگرادىن ئۆتمەكچى بولغان تۆت ئادەم قولغا ئېلىندى.
ئوچۇق سوت ئېچىلىپ شوپۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن باشقا
3 كىشىگە 15، 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. «29 ـ
ماي» ۋەقەسىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسىنىڭ قۇتراتقۇلىقىنى پاش قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ
بېرىلدى. قېچىشنى نىيەت قىلىپ، چېگرىغا يېقىن بېرىپ مۆ-
كۈنۈۋالغان 12 ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ج خ ئىدارىسى
ئۇلارنى قايمۇقۇشقا ئۇچرىغان دەپ قاراپ، خاتالىقىنى سۈرۈشتە
قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.
1963 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىر-



لىرى قايتىپ بولدى. مۇھاجىرلار جەمئىيىتىمۇ تاقالدى.
دېمەك، 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە
بولغان مەزگىلگىچە ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى،
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالدىنى ئېلىش ـ قوغداش
خىزمىتىنى پىلانلىق، جانلىق ئىشلىدى. بولۇپمۇ 1962 ـ
يىلىدىكى چەتكە قېچىش «29 ـ ماي» ۋەقەسىدىن كېيىن ئوبلا-
ستنىڭ چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈ-
زۈلدى. ئوبلاستلىق پارتكوم، ئارمىيە، 5 ـ دىۋىزىيىنىڭ رەھ-
بەرلىرىدىن تەركىب تاپقان چېگرا مۇداپىئە كومىتېتى تەشكىل-
لەندى. 5 ـ دىۋىزىيە خەلق ئەسكەرلىرى مۇھىم چېگرا ئېغىز-
لىرىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چېگرىغا يېقىن ئولتۇراقلا-
شقان چارۋىچىلار باشقا جايغا يۆتكەلدى. خەلق ئەسكەرلىرى
تەشكىلى قۇرۇلدى. شۆبە ھەربىي رايون تەسىس قىلىنىپ،
ئارمىيە، خەلق ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ قوغدايدىغان ۋەزىيەت
بارلىققا كېلىپ، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان بولۇشتەك سېپىل
شەكىللەندى. ئەشۇ يىللاردا دۆلىتىمىز، جۈملىدىن بورتالا ئوب-
لاستىمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا تۇرغان ھالەتتىمۇ
ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلار، دۆلەت مەمۇرلىرى، ئىشچى-
لار، شەھەر ئاھالىلىرى، ئارمىيە، خەلق ساقچىلىرى خىزمەت
ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مەركەز، ئاپتونوم
رايونغا ساداقىتىنى بىلدۈردى.
61 ـ، 62 ـ يىللىرى ئۆزلىرىنى سوۋېت گىراجدانى دەپ
چىقىپ كەتكەنلەرنى تونۇيدىغانلار: ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى،
تۇغقانلىرى بورتالادا ياشاپ، مۇشۇ تۇپراقتا ئالەمدىن ئۆتكەن
تۇرسا، قانداقچە ئۇلارنىڭ پۇقراسى بولسۇن؟ ئۇلار كۆك كۆز-
لەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، سەنىمىگە دەسسەپ قالدىمۇ قانداق؟

دېيىشىپ بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن ئىدى. 1960 - يىللاردا گىراجدان بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن، 2005 - يىلى قازاقىستاندىن تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن بىرسىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېچىپ بەرگۈسى:

«1960 - يىللاردا خەلق تۇرمۇشى ناچار ئەھۋالدا ئىدى. ئاشلىق نورمىلىق، رەختتىن تارتىپ، ئاددىي چايغىچە ھەممە نەرسە بېلەتلىكتى. ئادەملەر ياماق چۈشكەن كىيىم كىيىشەتتى. 62 - يىلنىڭ بېشىدا تېخى ئىككى ۋاق تاماق يېيىش يولغا قويۇلدى. مۇشۇنداق قەھەتچىلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئانچىكى تونۇيدىغان بىرسى ئۆيگە كەلدى. ئۇنى چاي بىلەن مېھمان قىلدىم. ئۇياق - بۇياقنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئۇ گەپنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈمى، ئۇ يەردىكى باياشاتلىق توغرىسىدا ئەگىتىپ سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قارىتا، بىزگە ئۇنداق مەمۇرچىلىق يەرنى خۇدا نېسىپ قىلمىدى، بۇ كۈنلەرگە شۈكرى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر دېدىم. ئارىدىن 4 كۈن ئۆتۈپ ئۇ يەنە كەلدى، ئۇ، ئاۋۇ كۈنى سەن مەمۇرچىلىق يەرنى نېسىپ قىلمىدى دېدىڭ، نېسىپ قىلسا بارامسەن؟ دېدى. مەن ئانچىكى ئويلاپ، بارسام باراي دېدىم، ئۇ كەتتى. 5 كۈن ئۆتۈپ گىرافىك كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ، بۇنى ئاران ھەل قىلدىم، باشقىلارغا تىنغۇچى بولما، بولمىسا ئىككىمىزنىڭ بېشى كېتىدۇ، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ۋەدە ئېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن دادام، ئاپامنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى تالدىقورغان ئوبلاستى، مېنى 3 ياش ۋاقتىدا قايتىپ كەلگەن قىلىپ گرافىك تولدۇردى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى يېزىلىۋېلىپ يادلىدىم. 1961 - يىلى 10 - ئايدا غۇلجىغا بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىپ 11 - ئايدا ئايالىم، بىر



بالام بىلەن چىقىپ كەتتىم. شۇ يىلى مەن 28 ياشتا ئىدىم. ئارىدىن 8 يىل ئۆتۈپ بىلدىمكى ئەينى يىللىرى بورتالادىكى سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى سوۋېتپەرەس ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قولغا كەلتۈرۈپ تەربىيىلىگەن، ئۇلار جىڭ، ئارشاڭ، قارابۇغ، داخىيەنزى قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ۋە باشقا مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۆزى تونۇيدىغان ئادەملەرگە تەشۋىقات ئىشلەپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان. مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ئۇلار ئۈچۈن يالغان نوپۇس تۇرغۇزۇپ، پۇقرايىمىز دەپ پاسپورت بەرگەن. ھېلىقى مېنى كۈشكۈرتكەن ئادەم ئەسلى مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ ئادەم تەشكىللەيدىغان شايكىسى ئىكەن. بۇنداق شايكىلارنىڭ قىلغان ئەجرى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنى يۆتكىگەندە قاتناش ھەققى ئالمىغان، ئۆزى تاللىغان جۇمھۇرىيەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەت بەرگەن.»

(ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

# هېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق هاياتى

ئەكبەر قادىر

## 1. خەلق چاقچاقچىسى هېسام قۇربان هەققىدە

هېسام قۇربان، 1930 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجا شەهىرىنىڭ
شەهەر ئىچى مەهەللىسىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى قۇربان ئاكا مەشرەپلەرگە بېرىپ كۆپكە
ئارىلىشىدىغان، زامانىسىدا خېلى نامدار چاقچاقچىلاردىن ئىدى.
هېسامنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، دادىسى قۇربان ئاكا ۋە ئۇنىڭ
بىر تۇغقان ئاكىسى ئىسمايىل ئاكىلار ئەينى دەۋرلەردە غۇلجىدا
تونۇلغان چاقچاقچىلار ئىكەن. 1951 ـ يىلى، قۇربان ئاكا،
غوپۇر دىڭخىلو، زوردۇن نۇسرەت قاتارلىق كىشىلەر هېسامنى
دادىسىنىڭ ئورنىدا مەشرەپ ـ سورۇنلارغا چاقىرىۋالىدىكەن.
هېسام دەسلەپ دادىسى بىلەن مەشرەپ سورۇنلىرىغا بېرىش
جەريانىدا چاقچاق ئاڭلاپ، چاقچاقچى دوستلىرى بىلەن ئارىلى-
شىش، مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلاردا دائىم بىللە بولۇش جەريانىدا
چاقچاق قىلىش ۋە چاقچاق ئىجاد قىلىش ماهارىتىنى يېتىلـ-
دۇرگەن. بارا ـ بارا هەقىقىي بىر خەلق چاقچاقچىسىغا ئايلىنىپ
چىققان.

هېسام 10 يېشىدىن 14 يېشىغىچە غۇلجا شەهەر ئىچى
بەيتۇللا مەدرىسىدە خەت ساۋادىنى چىقارغان. 14 يېشىدىن باش-



لاپ بازاردا ئۇششاق تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى.
1949ـ يىلى دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم
ئورنىتىلغاندىن كېيىن، هېسامنىڭ هاياتىدىمۇ يېڭى باشلىنىش
بولدى. 1951 ـ يىلى هېسام غىياسىدىن بارات، پاشا ئىشان
قاتارلىق سەنئەتكارلار بىلەن ئىجارە هەققىنى كېمەيتىش هەرىكى-
تىگە قاتنىشىپ، شەهەر ـ ناهىيىلەردە ئويۇن قويىدى، بۇ ۋاقىت-
تا «قانلىق داغ» قاتارلىق درامىلاردا رولمۇ ئالدى. هېسام
شۇ يىللارنى ئەسلەپ: «مېنىڭ چاقچاقچىلىق هاياتىم ئەنە شۇ
يىللاردا باشلانغانىدى» دەيدۇ.

هېسام كېيىن غۇلجا ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلى-
دى. بۇ ئۆمەك تارقىتىۋېتىلگەن كېيىن، جېلىلىيۈزى، تۇرپاي-
يۈزى، گەمە قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەردە دېهقان بولدى. 1960
ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە غۇلجا شەهىرىدىكى
سازەندە، چاقچاقچىلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن يېنىپ كەلدى.
هېسام قۇربان غۇلجا شەهىرىگە يېنىپ كىرىپ غۇلجىنىڭ ئالمى-
لىق باغلىرىدا، دەريا بويلىرىدا، ئۈزۈم باراڭلىق هويلىلىرىدا
بولۇپ تۇرىدىغان مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلارغا قايتىدىن قوشۇلۇپ
كەتتى. بىر ئىزدا توختاپ قالغان، تازا دېگەندەك تەرەققىي
قىلالماي كېلىۋاتقان چاقچاقچىلىق هېسامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن
جۇشقۇن كەيپىياتقا كىرىپ بارغانچە جانلىنىشقا باشلىغان. بو-
لۇپمۇ 1970 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن هېسامنىڭ چاقچاقچى-
لىقتىكى نامى پۈتۈن غۇلجا شەهىرىگە تاراشتىن باشقا غۇلجا
شەهىرىگە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن يېزىلاردىن كىرگەن
دېهقانلار ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىدىكى كەڭ يېزىلارغىمۇ تېزلا
تاراپ كەتتى. غۇلجا شەهىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلىرىدىكى ئادەم توپلى-
شىدىغان ئاۋات يەرلىرىدىن بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ ئالدىدا ۋە ئالما
بازىرى، توغرا كۆۋرۈرۈك، تاشلەپكە بازىرى دېگەندەك يەرلەردە
كىشىلەر هېسامنىڭ مەشرەپ ـ سورۇنلاردا قىلغان چاقچاقلىرىنى

ئېيتىپ كۆلشىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇ ھېسامنىڭ
كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ، ياشلىق ۋۇجۇدىدا سەنئەت ـ چاقچاققا
بولغان ئوت يالقۇنلاپ تۇرىۋاتقان مەزگىللىرى بولغاچقا بەزى
ۋاقىتلاردا ھېسام بىر ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىدىلا نەچچە ئونلىغان
چاقچاقنى قىلىپ ئۇلگۇرەتتى. شۇڭا 1970 ـ يىللارنى ۋە 1980
ـ يىللارنىڭ بېشىنى چاقچاقچىلىقتىكى «ھېسام دەۋرى» دېيىش-
كە بولاتتى.

بۇ يەردە ھېسامنىڭ زاманداش چاقچاقچى دوستلىرىدىن رو-
زى ئابدۇۋەلى، ئىبراھىم ئابلاخان، ساتتار قورۇق دېگەن كىشى-
لەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۇشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ چاقچاق-
چىلار مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلاردا ھېسامنىڭ ئىلھامىنى قوزغاپ،
ئاغزىنى تاتىلاپ ياكى ھېسامغا چاقچاق قىلىپ ھېسامنىڭ چاقچاق
قىلىشىغا تۇرتكە بولاتتى. ھېسامنىڭ تېخىمۇ كۆپ چاقچاقلارنى
شۇ مەيداندىلا ئىجاد قىلىشى ۋە ئېيتىشىغا سەۋەبچى بولۇپ
بېرەتتى. ھېسام بۇ چاقچاقچى دوستلىرى ھەققىدە گەپ بولسا:
«ئۇلار مەن بولمىسام چاقچاقنى باشلىيالمايتتى» دەيدۇ.

ھېسام قۇرباننىڭ چاقچاق توغرىسىدا ئىلمىي قاراش ۋە
چۈشەنچىلىرى بار.

بىرىنچىدىن، ھېسام چاقچاقنى ئالدى بىلەن شۇ سورۇن،
شۇ مەشرەپكە لايىقلاشتۇرۇپ قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن سورۇن
ـ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى، دائىرىسى، قاتناشقۇچىلارنىڭ مەدەنى-
يەت سەۋىيىسى دېگەنلەرگە ئىنچىكە دىققەت قىلىۋېلىپ، ئاندىن
چاقچاق قىلىشنى باشلايدىكەن. بۇنداق بولغاندا، چاقچاقنىڭ
سورۇندىن چەتنەپ كەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۇرگىلى، سورۇن
ئەھلىگە ياقىدىغان چاقچاقلارنى قىلىپ سورۇننى تېخىمۇ قىزىت-
قىلى بولىدىكەن.

ئىككىنچىدىن، ھېسام، «چاقچاقنىڭ ئىلمىيلىكى بولۇشى
كېرەك، گەرچە چاقچاق كۈلكە قوزغاشنى، باشقىلارنى ھوزۇر-



لاندۇرۇپ كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئېيت-
تىلسىمۇ، لېكىن، چوقۇم بىر خىل ئىلمىيلىك بولۇشى كې-
رەك. ئاڭلىغۇچىلار كۈلكە ئىچىدە مەلۇم توغرا بىلىشلەرگە،
توغرا پوزىتسىيىلەرگە ئېرىششى لازىم. چاقچاقنىڭمۇ ئوخشاشلا
ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بار» دەپ قارايدۇ.

ھېسام قۇرباننىڭ سالى، لەتى، بولۇس، ھېيبى، پەر-
ھات، تۇداخۇن، ياقۇپ، ئەكرەم سېتىۋالدى قاتارلىق بىر يۇ-
رۇش شاگىرت دوستلىرى بار. بۇلار ھېسام ۋارىسلىق قىلىپ،
بېيىتىپ ئۆزلىرىگە يەتكۇزۇپ كەلگەن ئۇيغۇر چاقچاقچىلىقىنى
21 ـ ئەسىردە تېخىمۇ بېيىتقۇچىلاردۇر. بۇلار بۇگۇنكى دەۋر-
ىمىز رېئاللىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېڭى - يېڭى چاقچاقلارنى
ئىجاد قىلىپ، بۇ چاقچاقلارنى ھېسام نامى بىلەن تارقىتىپ،
ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا، بېيىتىلىشىغا
ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ.

ھېسام قۇربان غۇلجا شەھىرىدە ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرسىدە
ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ 5 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىگە بېرىپ ئىشىك
ئالدىغا كەلگىنىمدە ھېسام قۇربان بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى
قوشنا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان قوشنىلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراي-
مەن. ئۇلار بۇ تارىخىي شەخس بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىدىن
قانچە پەخىرلىنىدىغاندۇر ـ ھە! ھېسام قۇرباننىڭ ئۆيى بار
بىنانىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى بازار بار. بىرسى غۇلجا شەھ-
رىدە خېلى تارىخى بار تاشلەپكە گېلەنتىر بازىرى، يەنە بىر
يېقىنقى يىللاردا بەرپا بولغان دوللار بازىرى. مەن ھېسام قۇرباد-
نىڭ ئۆيىدىن خۇشلۇشۇپ، بىنا ئىشىكىدىن چىققاندا ئۇنىڭ
مۇنۇ چاقچىقىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالىمەن:

بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا كۆپچىلىك ھېسامغا:
ـ ھېسامكا، بىنارىڭدىن چىقىپ ئوڭغا ماڭساڭ گېلەنتىر
بازىرىغا، سولغا ماڭساڭ دوللار بازىرىغا بارىدىكەنسەن، ئۇدۇل

ماڭساڭ نەگە بارىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئاخماقكەنسىلەر، ئۇدۇل ماڭسام بىناغا ئۇسۇۋېلىپ دوختۇرخانىغا بارمامدىمەن!

ھېسامنىڭ چاقچاقتا ھازىر جاۋابلىقى ئۇنىڭ ئەڭ روشەن خاسلىقى. ئۇ دەسلەپ چاقچاق ئېيتىشقا باشلىغاندا كۈلكىلىك گەپلەرنى كۆپ قىلالىغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. تېز ئىنكاس قايتۇرۇش، سوئالغا تېز جاۋاب قايتۇرۇش ئۇنى پىشىپ يېتىلدۈردى. ھېسامنىڭ دەل مۇشۇنداق خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇنداق بىر چاقچىقى بار. مەسىلەن:

مەلۇم بىر ئولتۇرۇشتا بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىز ئارقا - ئارقىدىن چاقچاق قىلسىڭىزمۇ زادىلا ئازمايدىكەنسىز، مەن بىر ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلسامىلا ئېزىپ كېتىدىكەنمەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— ھەي بۇرادەر، شۇنىمۇ بىلمەدىڭىزمۇ؟ مەن چاقچاقلىرىمغا نومۇر سېلىپ قويىمەن ئەمەسمۇ، - دەپتۇ ھېسام. دېمەك، ھېسام ئەنە شۇنداق شەخس. ئۇنىڭ خاراكتېرى يالغۇز ئۇنىڭ قىزىقچىلىقىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە پۇختا ئىگىلىگەن ئادەم. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى نۇرغۇنلىغان ئىلمىي بىلىشلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەسىلەن: ئۇنىڭ «مۇشۇكتىن سورا» دېگەن چاقچىقىغا قارايدىغان بولساق: بىراۋ ھېسامدىن «چاشقان قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ھېسام دەرھال «مۆشۈكتىن سورا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ يەردە دۇنيادىكى زىددىيەت، جانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنىيەت كۆرسىتىپ بېرىلىۋاتىدۇ. جاۋاب گەرچە مەنتىقىغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ھېسام نۇقتىسىدىن بىز ئۇنى تۇرمۇش مەنتىقىمىزغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىمىز.



## 2. ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

چاقچاق - ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەزمۇنى. شۇنداقلا ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى سۈپەت ئامىلى. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن خۇشچاقچاق، چىقىشقاق خەلق. بۇنداق پسىخىكا ئۇيغۇر خەلقىنى ھەر دائىم چاقچاق قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. خەلقىمىز خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن باشلاپلا چاقچاق ئىجاد قىلىپ ئۇنى ئادەملەر توپلاشقان يەرلەردە ياكى بەزمە - مەشرەپلەردە، سەيلە - باراۋەت پائالىيەتلىرىدە ئېيتىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

چاقچاقلارنىڭ ئورۇنلىنىش (ئېيتىلىش) شەكلى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. چاقچاق ئۈچۈن ئاۋۋال چاقچاقلاشقۇچى ئىككى تەرەپ بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرسى سۆزگە ماھىر بولۇشى لازىم. سۆز ماھىرى نەق مەيداندا چاقچاقنىڭ بىر ئۇلگىسىنى ئېيتىدۇ، قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا يانداش مەزمۇندا سۆز قايتۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇ بىر نەچچە دىئالوگدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر رەسمىي چاقچاق تۈسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دىئالوگ قانچە ئەۋجىگە چىقسا چاقچاق شۇنچە شاخلاپ بېيىيدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە، چاقچاقنىڭ تارقىلىش باسقۇچى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا بىر ئورۇندا ئېيتىلغان چاقچاقلاردىن رەسمىي دىئالوگ سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەنلىرىنى باشقىلار تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ تارقىتىدۇ. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش، تارقىلىش جەريانىدا پىششىقلاشتىن ئۆتىدۇ - دە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر شەكلى بولۇپ كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولىدۇ.

چاقچاق ئىجادىيىتى گەرچە خېلى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى قويۇق كوللېكتىپچانلىققا ئىگە بولغاچقا

خاتىرىگە ئېلىنماي كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە خاتىرىگە ئالغىنىمىز
پەقەت ھېسام چاقچاقلىرى بولدى. ھېسام چاقچاقلىرى خەلق
قىززىقچىسى ھېسام قۇربان تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ۋارىس-
لىق قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان چاقچاقلارنى كۆرسىتىدىغان بو-
لۇپ، بۇ چاقچاقلار خەلق چاقچاقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبا-
رەتتۇر، خالاس.

ھېسام چاقچاقلىرى ھېسامنىڭ يۇمۇرلۇق خاراكتېرىنى ئا-
ساس قىلىپ مەيدانغا كەلدى. ئۇ دىئالوگ شەكلىدىكى سۆز
سەنئىتى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قىزد-
ىتىش شادلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش رولىنى
ئوينايدۇ. چاقچاق ئۈچۈن ئالاھىدە مەيدان ھازىرلاش زۆرۈر
ئەمەس. ئۇ يەنە ئادەتتىكى سۆھبەت، پاراڭ ۋە كۆرۈشۈشلەردىمۇ
ئېيتىلىۋېرىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، ئۇ ئەڭ مۇھىمى
بىر خىل تەربىيە دەرسلىكىدۇر. ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق
بىر ھالىتى ئوبيېكت قىلىنسا بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلىنى-
دىغىنى مۇرەككەپ مەسىلىلەر، چوڭقۇر زىددىيەتلەرنى ئەمەس،
پەقەت بولمىغۇر قىلىق، بولمىغۇر ھادىسىلەرنى كۈلكە قىلىپ
كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرىدۇ.
دوستلۇقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرى يەنە كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن ناھايىتى
زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىكى كۈلكە ھەرگىزمۇ مەنىسىز ئە-
مەس. بۇ كۈلكە جىددىي بولغان ئىبرەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزد-
گە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ كۈلكىدىن
كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا تۇرمۇشقا بولغان توغرا پوزىتسىيىگە
ئېرىشىدۇ. ئېستېتىك زوق ئېلىپ روھىنى كۆتىرىدۇ. گۈزەل
نەرسىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ھېسام ئاكا



توغرىسىدا گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېسام ئاكا قانداق
خاراكتېرلىك شەخس؟ ئۇ قانداق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل
قىلغان؟ ئۇنىڭ چاقچاق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى
قانچىلىك؟ ئۇ خەلق چاقچىقىنى قانچىلىك راۋاجلاندۇردى ۋە
بېيىتتى؟ ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئورنىنى ھەم تۆھپىسىنى قانداق باھا-
لايمىز؟ مانا بۇلار بىز ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدۇر.

ھېسام ئاكا چوڭ بولغان ئائىلە چاقچاقچىلار ئائىلىسى ئىد-
ىدى. «مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ھېسام ئالدى بىلەن
دادىسى ۋە چوڭ دادىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، چاقچاق قىلىشنىڭ
ۋە يۇمۇرلۇق، ساغلام، كۈچلۈك ھەجۋى تۈسكە ئىگە چاقچاقلار-
نى ئەپلىك قۇراشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى» (ماخمۇت
مۇھەممەت: «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق
ماقالىدىن).

ھېسامنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى
غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى بىلەن بازار رەستىلىرىدە
بويىنغا تەنزە ئېسىپ پەشمەت، تاڭگا سېتىپ ئۆتكەن ئىكەن.
كىيىنچە ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى
بولغان بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن دۇكان ئېچىپ بەرگەن.
ھېسام دۇكان ئېچىپ سودا قىلغاندىن كۆرە ئەتراپتىكى ئادەم-
لەرنى، قىلىۋاتقان چاقچاقلارنى، بولىۋاتقان قىززىق ئىشلارنى
كۆپرەك كۆرۈشكە قىزىقاتتى. بولۇپمۇ، ياز ئايلىرىنىڭ يېتىپ
كېلىشى بىلەن قىزىپ كېتىدىغان سەيلە ئويۇنلىرى، بۇ ئويۇن-
لارغا كېتىپ بارغان سازەندىلەر، ناخشىچىلار، چاقچاقچىلار
ھېسامنى تېخىمۇ قىزىقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەينى دەۋر-
نىڭ قىزىقچىلىرىدىن باۋخان كور (1956 ـ 1895)، زوردۇن
نۇسرەت (1975 ـ 1904)، غوپۇر دىڭخىلو قاتارلىقلار بار
بولاتتى. مەشرەپ ـ سورۇنلاردا، كوچا ـ رەستىلەردە ئەنە شۇ
چاقچاقچىلارنىڭ قىلغان چاقچاقلىرى ھېسامنىڭ باللىق قەلبىدە

ئاجايىپ قىزىقىش ۋەھىرىسمەنلىكنى قوزغىغان. ئۇ زامانلاردا يەنە شەھەر خەلقى قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى ئۆي - ئۆيلەردە مەشرەپ ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. چوڭلار بالىلىرىنى ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىنىپ، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ بولسۇن، دەپ ئۆزلىرى بارغان مەشرەپلەرگە بىللە ئېلىپ باراتتى. مەشرەپلەردە ئورۇندىلىدىغان قائىدە - يوسۇنلار، نەغمە - ناۋالار بالىلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىدىغان، قىزىقىش يېتىلدۈرىدىغان، بەلگىلىك ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە قىلىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلار ئىدى. ھېسام دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق مەشرەپ - نەغمە سورۇنلىرىغا كۆپ باراتتى. قۇربان ئاكا ئۆزى بىرقىزىقچى، سەنئەتكار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بەلكىم بالىسى ھېسامنى سەنئەت تالانتى جەھەتتىن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ بولسىمۇ، بۇنداق سورۇنلارغا كۆپ ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. مەشرەپلەردىكى سازلار، ناخشىلار، قىزىق چاقچاقلار، كۈلكىلەر كىچىك ھېسامنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۈرىنى تاۋلاپ ماڭدى. نەتىجىدە ھېسام بارا - بارا چاقچاقچىلار سېپىگە قېتىلىپ، ئانچە - مۇنچە قىززىق گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى. ھېسام ئۈچۈن ئەمدىكى مۇھىم قەدەم مەشرەپ سورۇنلىرىدىن ئىبارەت بۇ چاقچاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغۇچى ئاممىۋى ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، چاقچاق ئۇستىلىرىدىن داۋاملىق ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ چاقچاق قىلىش ئۇسۇلى، ئالاھىدىلىكى، خاسلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش جەريانى بولدى.

ھېسامنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى چاقچاقچىلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ بىر سەنئەتكار ئىدى. ئۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئارتىس بولغان ئىدى. بولۇپمۇ، ناغرا چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ناغرا چېلىش ئۇستىسى ئىدى.



ھېسامنىڭ چاقچاق قىلىش جەريانى ئاددىيلىقتىن پىشىپ يېتىلىش جەريانىغىچە بولغان تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئىگە. ئەمما بۇنداق پىشىپ - يېتىلىش جەريانى ئۇنىڭ تەپەككۈرىدىكى تىرەنلىكنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى بولۇپ، تىل، شەكىل، ئىنكاس، ھەجۋىلىك دېگەنلەر ئۇنىڭدا خۇددى تۇغما تالانتتەك ئەسلىدىنلا تەييار ئىدى.

بىز ھېسامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاقچاقلىرىنى يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىدىن ئۇچرىتىمىز. روماندا ھېسامنىڭ مۇنداق چاقچىقى خاتىرىلەنگەن:

بىر كۈنى بىر قىزىقچى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. كەچتە ئۇلار ئورمانلىقتا ئۇخلاپ قالماقچى بوپتۇ. ئىككىسى:

— قورقىۋاتىمىز، يىرتقۇچلار كېلىپ قالماس ھە، — دېيىشىپتۇ.

— سەن قورقساڭ بۇياقتا يات، - دەپتۇ قىزىقچى ئوڭ يېنىنى كۆرسىتىپ.

- سەن قورقساڭ بۇياقتا يات، — دەپتۇ قىزىقچى ئىككىنچى بىرسىگە سول يېنىنى كۆرسىتىپ.

ئۆزى بولسا:

- مەن يىرتقۇچتىن قورقمايمەن. شۇڭلاشقا ئوتتۇرىدا ياتاي، - دەپتۇ قىزىقچى.

ھېسام مۇشۇنداق چاقچاقلارنى ئېيتىشتىن تەدرىجىي نەق مەيداندا چاقچاق قىلىدىغان، چاقچاق ئىجاد قىلىدىغان چاقچاقچىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان ئىدى.

چاقچاق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل پىسخىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداق بولغاچقا ئۇ بىر خىل سەنئەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەندى. ئىلىلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، چاقچاقلى-

شىش تېخىمۇ قويۇق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئىلى ئۇيغۇرلىرى كەڭ، مۇنبەت زېمىندا ياشاپ تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىپ كەلدى. يازدا تېرىپ، كۈزدە يىغىۋېلىش ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ. تېرىقچىلىقتىن بوشىغان ۋاقىتلاردا دەريا ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، تاغلاردا ھەتتا كەڭرى بوزلۇقلاردا سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش، چاي بېرىش بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تۇرمۇش مەزمۇنى ياكى ياشاش ئۇسۇلى. بۇنداق سورۇنلاردا ئاجايىپ قىزىقچىلار، لەتىپىچىلەر، چاقچاقچىلار، لاپچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرمۇش، ھايات، ئۇمىد، كېلەچەك كۈيلىنىدىغان سۆز ئويۇنلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بۇ لەتىپە ـ چاقچاقلار يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، بېيىتىلىپ خەلقىمىزنىڭ ئاغزاكى سەنئەت مىراسلىرىغا ئايلانغان. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ھېسام چاقچاقلىرى ئەنە شۇنداق نەچچە ئەسىرلىك ئاغزاكى سەنئەت مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى بېيىتىشنىڭ مەھسۇلى. ھېسام بۈگۈنكى كۈندە خۇددى نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆزىدىن شۇنداقلا ماكان، زاماندىن ھالقىپ كەتكەن شەخس. ئۇ ھايات سەھنىسىدىكى بىر كومىدىيە ئارتىسى. ئۇ ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنىڭ نامىغا توقۇلغان چاقچاقلار كىشىلەرنى ئىستېتىك جەھەتتىن زوقلاندۇرىدىغان بۇلاق، تۇرمۇش جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغان كىتاب!

ھېسام چاقچاقلىرى ئىلىلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مۇھىتى، ئۇسۇلى، خاراكتېرى، پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى مەنبە قىلىپ بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭدا رايون ئالاھىدىلىكى روشەن ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھېسام بەدىئىي سەنئەت تەربىيىسىگە ئىگە خەلق سەنئەتكارى. ئۇنىڭ چاقچاقلىق ھاياتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، مۇنتىزىم



سەنئەتچىلىك ھاياتى بولغان. ئۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئارتىس بولۇپ رول ئالغان. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بىزنىڭ ھېسامغا ۋە ئۇنىڭ چاقچاق ماھارىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ھېسامنى چاقچاققا نىسبەتەن ئىلمىي قاراش شەكىللەندۈرگەن، چاقچاق قىلىشنىڭ بىر قاتار ئۇسۇل، شەكىللىرىنى قېلىپلاشتۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. دىققەت قىلساق، ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ شەكلىدە «ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن نوغۇشنى ئېگىز كۆتۈرگەن بولۇپ، ئاستىدىن ئۇرۇش، گەپنى ئەگىتىپ، يىراقتىن باشلاپ بىر ـ بىرلەپ ئوخشىتىش، ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب بېرىش» دېگەندەك ئۇسۇللار كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەن.

ھېسامنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىشمۇ بىر ئەھمىيەتلىك تېما.

چاقچاق باشقا ئاغزاكى سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈر. چاقچاق قىلىش چۆچەك، داستان، قوشاق ياكى رىۋايەت ـ قىسسەلەرنى سۆزلەشكە ئوخشىمايدۇ. چاقچاق، تارقاتقۇچىلارنىڭ تارقىتىش جەھەتتىكى بايان قىلىش ئىقتىدارى، تىل ماھارىتى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، چاققانلىقى دېگەنلەر بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چاقچاقتىكى كۈلكە ۋە قىزىقارلىق خۇسۇسىيەت تارقاتقۇچىدىكى بەدىئىي ئىقتىدارنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تولۇق نامايان بولىدۇ. باشقا خىلدىكى ئاغزاكى سەنئەت تۈرلىرى بولسا، ھېكايىچىلىققا ئىگە بولغاچقا پەقەت بايان قىلىش، يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئىقتىدارىغىلا تايىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چاقچاق قىسمەن ۋارىيانتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. ئەينەن تارايدۇ. ئەينەن ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدا رايون ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا باشقا جايلارغا تارىغاندىمۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

هېسامنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ بۇ
ماھارىتى شائىرلاردەك قاپىيە قوللۇنۇپ قىلغان چاقچاقلىرىدا،
ئۆتكۈر ئوخشىتىشلار بىلەن قىلغان چاقچاقلىرىدا ھەتتا چاقچاق-
نى بوغۇم، قاپىيە، ئۇرغۇ، رادىف شەكلى بىلەن بىر - بىرىگە
ماسلاشتۇرۇپ قىلىشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆزى چاق-
چاق قىلغاندا چاقچاقنىڭ ئەينەن ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا ئالاھى-
دە دىققەت قىلىدۇ.

هېسام چاقچاقلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھازىرمۇنداق ئۈچ خىل
شەكىلدە: بىرى، ھېسامنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىلىنىۋاتقان چاق-
چاقلىرى، بۇنداق چاقچاقلار بىرىنچى شەخس «مەن» بىلەن
كېلىدۇ. يەنە بىرى، نەق مەيداندا قىلىنغان چاقچاقلار، بۇنداق
چاقچاقلار ھېسام بىلەن باشقىلارنىڭ دىئالوگىنى ئاساس قىلىپ
تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ چاقچاقلار تارقىلىش جەريانىدا
مۇكەممەللىشىدۇ. ئۈچىنچىسى، تارقاتقۇچىلارنىڭ (ياكى باشقا
چاقچاقچىلارنىڭ) ھېسام ئېيتىقان چاقچاقلارنى ئېيتىشى ياكى
ھېسامنىڭ نامىغا توقۇشى، بۇنداق چاقچاقلار «ھېسام بىر
كۈنى ...، ھېسام كېتىۋاتسا...»، «بىرەيلەن ھېسامدىن
سوراپتۇ....» دېگەندەك شەكىلدە قىلىنىدۇ ياكى باشلىنىدۇ.

هېسام ئۆزى ئېيتقان چاقچاقلار بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ
ھېسام نامىغا توقىغانلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخ-
شاشلا ھېسامنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتىنى چىقىش قىلىدۇ
ھەم گەۋدىلەندۈرىدۇ.

هېسام تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن، تۇرمۇشنى ئىنچىكە
كۆزەتكەن ئادەم. بۇ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن ناھايىتى ئېنىق
بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك چاقچاق ماھارىتىدە ھازىر جا-
ۋابلىق ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ ھەر قانداق بىر ئالاھىدىلىكنى
ناھايىتى تېزلا بايقىۋالالايدۇ - دە، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش تەجرىبى-
سى ياكى قارىشى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ قىزىقارلىق لەتىپىگە



ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇ يەنە ئادەم خېلىغىچە ئويلاپ يېتەلمەي-
دىغان پىكىرلەرنى قارشى تەرەپنىڭ سۆزى ياكى سوئالى تۈگى-
مەستىنلا جاۋاب تەرىقىسىدە دەۋېتىدۇ. تىڭشىغۇچىلار دەسلەپ
قاقاھلاپ كۈلۈشىدۇ، كۈلكىسىدىن كېيىن بۇ تېز جاۋابنىڭ
مەنىسىنى چۈشىنىشىدۇ - دە، قايتىدىن قايىللىق كۈلكىسىنى
كۈلىدۇ. مانا بۇ جەريانلاردىمۇ ھېسامنىڭ چاقچاق قىلىش ماھا-
رىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

هېسامنىڭ ھايات چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولۇپلا قالماستىن،
يەنە كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى، تەسەۋۋۇرىمۇ مول شەخس،
ئۇ يەنە سۆزگە باي، قىزىقچىلىق قىلىش تالانتىغا ئىگە شەخس.
شۇڭا، ئۇ زامانىمىزدىكى «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» دەپ تە-
رىپلەنمەكتە.

خەلقىمىز ھېسامغا ئۆز قەلبىدىن ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن
بەرگەن. خەلقىمىز ھېسامنى ئۆزلىرىنىڭ پەخرى، ئۆزلىرىنىڭ
بايلىقى ھېسابلايدۇ. ھېسامنى سۆيىدۇ. ھېسامنى ئەزىزلەيدۇ.

هېسامنىڭ چاقچاق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېتىشىپ
چىقىۋاتقان ياش چاقچاقچىلارمۇ بار. بۇ چاقچاقچىلار ھېسامنىڭ
تىل سەنئىتىگىلا ۋارىسلىق قىلىپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاۋاز
سەنئىتىگىمۇ ۋارىسلىق قىلماقتا. ئۇلار بەزىدە ھېسام چاقچاقلى-
رىنى بىزگە ھېسامنىڭ ئەينى ئاۋازىنى دوراپ ئېيتىش شەكلى
بىلەن يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

هېسام ئۇيغۇر خەلق چاقچاقچىلىقىدىكى ئۇستاز چاقچاقچى.
ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ناما-
يەن قىلىدۇ. ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا رەڭدارلىق ۋە گۈزەللىك بې-
غىشلاپ تۇرىدۇ.

## 3 . ھېسامنىڭ چاقچاق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

هېسام خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى چاقچاق ژانىرىنى
بېيىتقۇچى شەخس بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھەممەيلەنگە تو-

نۇش.

ھېسامنىڭ چاقچاق ئىجاد قىلىش، چاقچاق تارقىتىش جەريانى بولغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىش جەريانىمۇ بولغان. ھېسامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ 1940 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا دادىسى قۇربان ئاكىغا ۋە چوڭ دادىسى ئىسمايىل ئاكىلارغا ئەگىشىپ مەشرەپ - ئولتۇرۇش سورۇنلىرىغا باراتتىكەن. شۇ زامانلاردا غۇلجىدىكى مەشرەپ - ئولتۇرۇشلاردا دۇتار - تەمبۇر چېلىنىپ ناخشا - ساز بولغانىنىڭ سىرتىدا چاقچاق ئېيتىشمۇ ناھايىتى قىزىپ كېتەتتىكەن. مەتتاھىركام، غوپۇر دىڭخىلو، زوردۇن نۇسرەت (شىبە)، شۇنىڭدەك ھېسامنىڭ دادىسى قۇربان ئاكا قاتارلىقلار شۇ زامانىنىڭ ئاتاقلىق چاقچاقچىلىرى ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چاقچاقتا تۇتۇشقاندا سورۇندا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتىكەن.

1951 - يىلى، ھېسامنىڭ دادىسى قۇربان ئاكا ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئاتاقلىق چاقچاقچىلار ھېسامنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزلىرى بارغان مەشرەپ - سورۇنلىرىغا ئەگەشتۈرىۋالىدىغان بولۇپتۇ. ھېساممۇ بۇ چاقچاقچىلار بىلەن بىللە يۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن دائىم چاقچاق ئاڭلاپ تۇرۇش جەريانىدا چاقچاق قىلالايدىغان سەۋىيىسىنى يېتىلدۇرۇشكە باشلاپتۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھېسام بۇ جەرياندا چاقچاق قانداق بولىدۇ، چاقچاق قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىنىدۇ، دېگەنلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك بىلىم ھاسىل قىپتۇ.

1950 - يىللىرى ھېسام مەھەللە سەنئەت ئۆمەكلىرىگە، كېيىن غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى دېگەندەك مۇنتىزىم سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتناشقان. بۇ جەرياندا ھېسام ئاتاقلىق سەنئەتكارلاردىن غىياسىدىن بارات، پاشا ئىشان قاتارلىقلار بى-



لەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىدە بىللە بولۇپ، ناھىيە - يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويغان. «قانلىق داغ»، «غۇنچەم» قاتارلىق دراممىلاردا رول ئالغان. ھېسامنىڭ سەھنىلەردە رول ئېلىشى، سەنئەتكارلار بىلەن بىللە بولۇشى ئۇنىڭ ئارتىسلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدا سەنئەتنىڭ نېمىلىكىگە بولغان ئىلمىي تونۇشنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. شۇڭا ھېسامنى خەلق سەنئىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان، خەلق سەنئىتىگە قانداق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاڭلىق يەكۈنلىيەلەيدىغان پىشقان بىر سەنئەتكار دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

شۇڭا ھېسام ئۆزى ۋارىسلىق قىلغان، ئۆزى تارقاتقان چاقچاقلار توغرىسىدىمۇ ئىنتايىن ئىلمىي قاراشلارغا ئىگە. بىز تۆۋەندە ھېسامنىڭ چاقچاق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

1) چاقچاقنىڭ ئىلمىيلىكى بولۇشى كېرەك.

ھېسام چاقچاققا نىسبەتەن ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇ چاقچاقنى ئاغزىغا كەلگەنچە دەۋەرسە بولىدىغان، زورلاپ كۈلكە پەيدا قىلىدىغان گەپلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۇرىدۇ. ھەتتا، مەنىسى يوق، مەلۇم مەزمۇنغا ئىگە بولمىغان سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي مەنىدىكى چاقچاق ھېسابلانمايدۇ.

ھېسام «چاقچاق مەلۇم مەناغا، مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ مەنا چوقۇم كىشىگە لەززەتلىنىش، ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان، روھنى كۆتۈرۈپ كەيپىياتنى تەڭشەيدىغان، قىزغىنلىقنى ئاشۇرىدىغان ئىلمىيلىككە ئىگە سۆز جەۋھەرلىرى بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن (چاقچاق ئوبيېكتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئازادلىك، كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئېلىپ كېلەلمىگەن چاقچاق چاقچاق

ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چاقچاقنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولۇشى كېرەك» بۇمۇ ھېسامنىڭ چاقچاقنىڭ ئىلمىيلىكى توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ بىر تەركىبىي مەزمۇنى.

ھېسام چاقچاقنى دوستانە ئېلىپ بېرىش، غەرەزسىز ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە « چاقچاقنىڭ مەزمۇنى ئىلمىي بولۇش بىلەن تىلمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەك. ئوبرازلىق، پاساھەتلىك تىللارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش لازىم. قوپال - يېقىمسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك» دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دېمەك ھېسامنىڭ چاقچاق ئىلمىي بولۇشى كېرەك، دېگەن قارىشىغا نۇرغۇن ئاكتىپ مەنالار سىڭگەن. بىز ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بۇ چاقچاق ئاتىسىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

2) ئاكتىپ مەزمۇنى بولمىغان چاقچاقنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ھېسام «چاقچاق مەلۇم ئوبيېكتقا قارىتىلىشى، كىشىلەرنى مەلۇم نەرسىدىن، مەلۇم كۆرۈنۈشتىن ھوزۇرلاندۇرىدىغان بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ھېسامنىڭ نەزىرىدە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئوبرازلىق مەزمۇننى ئىپادىلەش چاقچاققا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ ئىكەن. چاقچاقچى باشقىلارنى كۈلدۈرۈش بىلەن تەڭ ئۆزىمۇ ھوزۇرلىنىپ كۈلەلەيدىغان بولۇشى، ئېيتقان چاقچىقى باشقىلار ئۇچۇنمۇ، ئۆزى ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا كۈلكىلىك بولۇشى كېرەك.

چاقچاقتىكى بۇ كۈلكە ئوبيېكتنى ياخشى تاللاشتىن كېلىدۇ. ياخشى تاللانسا چاقچاق مەزمۇندارلىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر چاقچاقتا نېمە ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى، كۈلكە ئىچىدە قانداق بىر ھەقىقەتتىن، قانداق بىر چىنلىقتىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ. مانا بۇنداق چاقچاقلار كىشىگە قويۇق



ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

شەخسىي مۇددىئانى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش چاقچاقنى مەزمۇنسىز قىلىپلا قويماي يەنە ئۇنى پۇچەكلەشتۈرىۋېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، باشقىلارنى كەمسىتىش مۇددىئاسىدا ئېيتىلغان چاقچاق تەبىئىيكى ئاكتىپ تەسىر بېرەلمەيدۇ. بۇنداق چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنىنى كىشىلەر قوبۇل قىلمايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق چاقچاقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ھەتتا بۇنداق چاقچاقلارنى توپلاش، رەتلەشنىڭمۇ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

3) چاقچاقنى سورۇن ۋە مەيدان بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ھېسامنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭدا ھېچقاچان ئالدىن تەييارلىق بولمايدىكەن. ئۇ قانداق بىر سورۇندا بولسا، شۇ سورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەھكەم ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭچە، «قانداق چاقچاق قىلىشنى سورۇن - مەيدان ئۆزى بەلگىلەيدۇ» كەن. ئالدىن تەييارلىق قىلىۋېلىش ياكى بولمىسا چاقچاق تەييارلاپ بېرىش چاقچاقچى قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن.

دېمەك، ھېسامنىڭ چاقچاق ئىجادىيىتى مول خەلق تۇرمۇشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى نەق مەيداندا توقۇلغان، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن بىۋاستە تەسىرلىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ھېسام يەنە چاقچاقنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، چاقچاق نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنىدۇ. ئەمما چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا بىرەر كۈلدۈرگىلىك سۆز - ھەرىكەت سەۋەبمۇ بولۇپ بېرىدىكەن. چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئاساسلىقى بىرەر مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ياكى بىرەر كۈلكىلىك سۆزنىڭ بولۇشىنى ئۆزىگە تەقەززا قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇندىن باشقا ھېسام چاقچاق مەيدانىدا يېتەكچى رولغا ئىگە بولۇپ كەلگەچكە ھەمىشە چاقچاقنىڭ

باشلىنىشى ھېسامنىڭ نەق مەيداندا بولۇشىنى ياكى باشلامچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئاساسلىق چاقچاق قىلغۇچىدىن باشقا يەنە قوشۇمچە چاقچاق قىلغۇچىلارنىڭمۇ ھازىر بولۇشىنى چەتكە قاقمايدۇ. ھەتتا قوشۇمچە چاقچاق ماھىرلىرى يېتەرلىك بولسا، چاقچاق تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن.

دېمەك، چاقچاق ۋەقە ياكى ھادىسىنى بايان قىلىش، ئوبراز يارىتىش سەنئىتى ئەمەس. ئۇ پەقەت ھېسام ئېيتقاندەك، نەق مەيداندا ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئىجاد قىلىنىدىغان ئاغزاكى سەنئەت.

### 4. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ئورنى

ھېسام قۇربان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولغان چاقچاق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى بېيىتىش، ئىجاد قىلىش ۋە تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مەدەنىيىتىنى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پىششىق ئىگىلەپ ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن شەخس ھېسابلىنىدۇ.

«ھېسام چاقچاقلىرى» نى رەتلەش، توپلاشتا يازغۇچى ماخمۇت مۇھاممەت دەسلەپ تۇتۇش قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1980 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى «ئىلى گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ھېسام چاقچاقلىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنىشىدۇر. شۇنداقلا، خەلقىمىزنىڭ مول چاقچاق سەنئىتىنىڭ ھېسام نامى بىلەن باغلىنىپ تارقىلىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى.

ھېسام خاراكتېر جەھەتتىكى يۇمۇرلۇقلىقى، سۆزدىكى ما-



ھىرلىقى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى جەھەتتىكى بۇيۇكلىكى قاتارلىق بىر قاتار خاسلىقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شەخس. ئۇ خەلق چاقچاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۈلگۈسىنى ياراتتى. چاقچاق سەنئىتىمىزنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە نەمۇنە خاراكتېرلىك رول ئوينىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسىردىن ئەپەندىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ شەخس.

ھازىر ماخمۇت مۇھەممەت توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «ھېسام چاقچاقلىرى» غا ھېسامنىڭ 1995 - يىلىغىچە ياراتقان چاقچاقلىرى كىرگۈزۈلگەن. ھازىرغىچە بولغان ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتا ھېسام چاقچاقلىرى يەنە بېيىتىلدى ھەم كۆپەيتىلدى. بۇلارنىمۇ داۋاملىق توپلاشقا، رەتلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

(«ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 15 - ساندىن ئېلىندى)

# ئىلىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كىنو ئىشلىرى توغرىسىدا

خەپىز ساتتار سالىھ

كىنو - زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن تەسۋىرىي سەنئەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇندۋېرسال سەنئەت. كىنو ئاتالغۇسى ئەسلىدە گرېكچە kineo دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، قىمىرلىتىش، مىدىرلىتىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. غەرب تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى كىنودىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى سەنئەت دۇنياغا كەلدى. 1895 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرى كافىسىن كوچىسىدىكى 14 - نومۇرلۇق قەھۋەخانىدا «تام ئۆرۈش» ناملىق ئاۋازسىز كىنو قويۇلدى. مانا بۇگۈن كىنونىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنى بولۇپ قالدى. ئارقىدىن پارىژدا يەنە «بوۋاقنىڭ ئوزۇقلىنىشى»، «سۇ قايناتقۇچى»، «پويىزنىڭ بېكەتكە كىرىشى»، «سۇ تۇتىۋاتقان باغۋەن»، «زاۋۇت خوجايىنى» قاتارلىق ئون نەچچە فىلىم بېلەت سېتىلىپ ئاشكارا قويۇلدى. شۇندىن تارتىپ كىنو دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئومۇملاشتى. 1927 - يىلى ئاۋازلىق كىنو دۇنياغا كەلدى.

پارىژدا كىنو بارلىققا كەلگەندىن كېيىن تېزلىكتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، جۇملىدىن ئىلىمىزغا تارقىلىشقا باشلىدى. 1896 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شاڭخەينىڭ شۆيۈەن باغچىسى ئىچىدىكى يوسۇن كەنتىدە «غەرب كۆلەڭگە تىياتىرى» قويۇلدى (كىنو ئىلىمىزگە كىرگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە خەنزۇچە شۇنداق ئاتالغان). مانا بۇ كىنونىڭ ئىلىمىزدە تۇنجى قويۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قويۇلغان فىلىملەر ئاساسەن فرانسىيە فىلىملىرى ئىدى. 1897 - يىلى ئامېرىكا كىنو سودىگىرى جونسۇن شاڭخەيدىكى تيەنخۇ، چيۈن، توڭچىلىڭ چايخانىلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن كىنو قويدى. 1899 - يىلى ئىسپانىيەلىك كارونبېك شاڭخەيگە كېلىپ فۇجۇ كوچىسى، خوڭكۇ كوچىسى، خۇبېي كوچىسى قاتارلىق جايلاردا كىنو قويدى. 1908 - يىلى ئىسپانىيىلىك رىموس شاڭخەيدىكى خوڭكۇ رايونىدا «خوڭكۇ تىياتىرخانىسى» نى سالدى. مانا بۇ شاڭخەيدە سېلىنغان تۇنجى كىنوخا ئىدى. 1902 - يىلى 1 - ئايدا بېيجىڭدىكى چيەنمېن فۇشۇ سارىيىدا مەلۇم چەت ئەللىك كىنو قويدى. يۇقىرىقى كىنو فىلىملىرى «گۈزەللەرنىڭ پىقىراپ كۈلۈشى»، «گۈللۈك كىيىم كىيىپ كېپىنەك ئۇسۇلى ئويناش»، «نېگىرلارنىڭ تاۋۇز يېيىشى»، «ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى»، «ئاتىنىڭ تامدىن ئۆگزىگە چىقىشى» قاتارلىق غەرب كىنو فىلىملىرى ئىدى.

1902 - يىلى لىن جۇسەن ئەپەندى چەت ئەلدىن كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئېلىپ كېلىپ، بېيجىڭنىڭ بىلەي زاۋۇتىنىڭ تيەنلى چايخانىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ كىنو قويدى. 1905 - يىلى جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىياتىرى «دىڭ جۇشەن» دىكى «پۆپۈكلۈك نەيزە»، «قىلىچ»، «ئۈچرىشىش» قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر سۈرەتكە ئېلىندى. مانا بۇ جۇڭگودا ئىشلەنگەن تۇنجى كىنو فىلىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1906 - يىلى «يېشىل تاغلار» تىياتىرىدىكى «قىلىچۋازلىق» تىن بىر كۆرۈنۈش، «سۇزۇك ئاسمان راۋىقى»، «ئۆتكەلنى ئېلىش»، «سازلىق»،

«يىلپىز» قاتارلىق تىياتىرلاردىن كۆرۈنۈشلەر لېنتىغا ئېلىن-
دى. 1911 ـ يىلى «ۋۇخەن ئۇرۇشى» ، 1913 ـ يىلى «شاڭ-
خەي ئۇرۇشى» قاتارلىق فىلىملەر لېنتىغا ئېلىندى.

1918 ـ يىلى سودا باسمىخانىسى شاڭخەيدە ئۆزى مۇستە-
قىل كىنو ئىشلەيدىغان «كىنو تىياتىرى بۆلۈمى» نى قۇردى.
1922 ـ يىلى شاڭخەيدە «چولپان كىنو شىركىتى» قۇرۇلدى
ھەمدە كىنو ئىشلەش ئىشلىرىنى كەڭ تۈردە يولغا قويدى. ئۇلار
ئىشلىگەن فىلىملەردىن مەسىلەن: «نەنجىڭدىكى مەشھۇر
بايلار» ، «شىخۇ كۆلى مەنزىرىسى» ، «جېجاڭ كۆلى» ، «ياۋ-
روپا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش نامايىشى» ، «مىللىي
قۇرۇلتاي» ، «شەرقتىكى ئالتە داشۆنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى»
، «ئاياللارنىڭ تەنتەربىيە كۆز قارىشى» ، «پەرىزاتنىڭ گۈل
چېچىشى» ، «پويىزدىكى قاراقچىلار» ، «ھەييارلىق شاھىنىڭ
جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتىدىن خاتىرىلەر» . «ئالما تاشلاش» ،
«تىياتىرخانىدىكى پاتپاراقچىلىق» ، «جاڭ شىنشىڭ» ، «ئاچا ـ
سىڭىل چېچەكلىرى» ، «يېتىمنىڭ بوۋىسىنى قۇتۇلدۇرۇش خا-
تىرىسى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش فىلىملەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن بۇ كىنودىن ئىبارەت سەنئەت ئېلىمىزدە يوقلۇقتىن بار-
لىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن ئىچكى
ئۆلكىلەر ۋە چېگرا رايونلارغا تارقىلىپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى
ھاياتىنى بېيىتتى.

ئىلى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىگە جاي-
لاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ غەرب-
كە تارقىلىش، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىش كۆز-
نەكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى جايلاشقان كۈرە قەلئەسى شىن-
جاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مە-
دەنىيەت، سودا مەركىزى بولغان ئىدى. يېڭى كۈرە قەلئەسى



(كونا كۈرە قەلئەسى 1762 ـ يىلى بىنا قىلىنغان، يېڭى كۈرە
قەلئەسى 1882 ـ يىلى بىنا قىلىنغان) تازا گۈللەنگەن دەۋرلە-
رىدە «كىچىك بېيجىڭ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى
غەربنىڭ يېقىنقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى — توك، تېلېفون،
تېلېگراف، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، كىنو ۋە ماشىنا ئۇسكۈنە-
لىرىنى كىرگۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور روللار-
نى ئوينىغان ئىدى. مۇشۇ قاتاردا ھەشەمەتلىك جياڭجۈن مەھكى-
مىسى ۋە غۇلجىدىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسىدا كىنومۇ كۆر-
سىتىلگەن ئىدى.

شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىلى
تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەيىنباي
(1944 ـ 1826) ، باۋۇدۇنباي (1928 ـ 1851) لار ئىلى
تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش جەريانىدا، گېرمانىيەلىك تېخنىكلارغا
زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈ-
لۈش جەريانىنى، چەتئەل مەنزىرىلىرىنى، جەڭ مەيدانلىرىنى
لېنتىغا ئالغۇزۇپ فىلىم قىلىپ ئىشلەتكەن. گېرمانىيەلىك
تېخنىكلار فىلىمنى 1912 ـ يىلى باۋۇدۇنبايغا تاپشۇرغان.
باۋۇدۇنباي شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن فىلىمنى
ئاتۇشتا قويغۇزغان، كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ ئاۋۋال
زاۋۇت ئىشچىلىرىغا، كېيىن ئاممىغا كۆپ قېتىم قويۇپ بەر-
گەن، فىلىمنى گېرمانىيەلىك تېخنىكلار قويغان.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ فىلىمنى كۈرە ھەربىي
ئەمەلدارى سورىۋېلىپ، ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ تۇتۇغى ياڭ زېڭ-
شىنغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتكەن.

تەخمىنەن 1920 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە
غۇلجىلىق مابىڭچى روسىيەدىن بىر يۈرۈش كونا كىنو قويۇش
ئاپپاراتى، ئون تەخسە ئاۋازسىز كىنو لىنتىسى ۋە بىر دانە
گېنىراتورنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ كىنو قويۇش بىلەن شۇ-

غۇللاندى. 1931 ـ يىلى كىنو ئاپپاراتى، فىلىم لىنتىسى ۋە
گېنىراتورىنى ئۈرۈمچىلىك ياڭ يۈەنخۇغا سېتىۋەتكەن. 1932
ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقان غۇلجىلىق
ھۈسەيىن بىر جۈپ كىنو قويۇش ئاپپاراتى ۋە بىر نەچچە فىلىمنى
غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى
قارادۆڭ مەھەللىسىدە، كېيىن ئۈچدەرۋازا مەھەللىسىدە كۆپ
قېتىم كىنو قويغان. 1934 ـ يىلى ھۈسەيىن «ھۈسەيىن كىنو
تەرەققىيات شىركىتى» نى قۇرۇپ يېڭى ئاپپارات سېتىۋالغان
ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلىگەن كىنولارنى ئىجارىگە ئېلىپ
قويغان.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز
بەرگەن «ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن تەختكە
چىققان شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى.
1936 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت
ۋە كۆپلىگەن ناھىيەلىرىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئا-
قارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن شىن-
جاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەت، نەشرىياتچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىشلىرى
مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مۇشۇ قاتاردا ئىلىدىكى ھەرقاي-
سى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مائارىپ،
مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە ئاممىۋى پائالى-
يەت سورۇنلىرىنى ۋە كىنوخانىلارنى سېلىپ، خەلق ئاممىسى-
نىڭ فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش ئىشلىرىدا
زور رول ئوينىدى. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى-
دىن 1940 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە غۇلجا شەھىرىدە يەتتە
كىنوخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار كونسۇلباغ (ھازىرقى ئىلى
ئالىي مېھمانخانا قوروسىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاش-



قان)، ئىتتىپاق كۇلۇبى (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت
ـ تەنتەربىيە قوروسى ئورنىدا)، ئۆزبېك كىنو بېغى (ھازىرقى
ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قوروسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جاي-
لاشقان)، تاتار كۇلۇبى (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 6 ـ باشلان-
غۇچ مەكتەپ قوروسىدا)، خەنزۇ كۇلۇبى (ھازىرقى خەنزۇ
بازىرى كىنوخانىسى ئورنىدا)، روس كۇلۇبى (ھازىرقى ستالىن
كوچا شىنخۇا كىتابخانىسى ئورنىدا)، ماياك كۇلۇبى (ھازىرقى
غۇلجا شەھەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جاي-
لاشقان. ھازىر قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن) قا-
تارلىق كۇلۇبلا بولۇپ، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلى-
نىڭ كىنو ئىشلىرى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ئىدى.
ئەينى دەۋردە قويۇلغان ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن كىنو فىلىملىرى-
دىن ئاساسلىقلىرى «ئاچا ـ سىڭىل چېچەكلىرى»، «قايتا
ئېچىلغان گۈل»، «يالغۇز شەھەردىكى ئايال»، «كوچىدىكى
پەرىشتە»، «ئىپپەتلىك ئايال»، «يۈكسەك نىيەت ـ بۈيۈك
ئىرادە» (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش مەزمۇن قىلىن-
غان)، «تەيئېرجۇاڭدىكى جەڭ»، «لۇگوچياۋ شامالللىرى»
(ھۆججەتلىك فىلىم)، «شىياۋلىڭزى»، «جيا بايۋەتچە»،
«تۆت كوچىدا»، «سۈيىيۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش»، «داڭدار ئەزىمەت»، «يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋا-
زى»، «ۋاپاسىز ئەر ـ خوتۇن» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىنولار
قويۇلغان.

چەت ئەل فىلىملىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى كىنولى-
رى بولۇپ 1920 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن تارتىپ
شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قە-
دەر ئىلىدا قويۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كىنو فىلىملىرىدىن
ئاساسلىقى «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «ئۇنتۇلماس 1918 ـ يىل»
، «چاپايېف»، «تراكتورچى قىز»، «چېگرىدا»، «گۈزەل

ۋاسلىسا» ، «ئالتۇن بېلىقنىڭ ئارزۇسى» ، «پولك ئوغلى» ،
«ھەسەن ـ ھۈسەن» ، «نەسىردىن ئەپەندى» ، «چەتتىن كەلگەن
بالا» ، «بېرلىن» ، «يىراقتىكى جانان» ، «رادۇكا» ، «باسقۇن-
چىلىق» ، «ترانسۋال ئوت ئىچىدە» ، «پويىز شەرققە ماڭدى»
، «ئۇ ۋەتەننى قوغدىماقتا» ، «ئەلشىر نەۋائى» ، «نەسىردىن
ئەپەندى بۇخارادا» ، «زۇلۇشكا» ، «زويا» ، «دوبرووۋسكى» ،
«رازۋېدچىكنىڭ پىداكارلىقى» ، «ياش گۋاردىيە» ، «ئىككى
جەڭچى» ، «ئالېكساندىر ماتروسوف» ، «ئالتۇن مۈڭگۈز» ،
«دېڭىز لاچىنى» ، «دوك ئات» ، «مىچۇرىن» ، «موسكۋاغا
شان ـ شەرەپلەر بولسۇن» ، «ئاخىرقى كېچە» ، «ئېلبا دەريا-
سىدا ئۇچرىشىش» ، «ۋ. ئى. لېنىن» ، «كوتوۋسكى» ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن نۇرغۇنلىغان
كىنو فىلىملەر قويۇلغان. كىنوخانىلاردا يەنە ئەينى دەۋردە ئوي-
نالغان دىرامىلاردىن «ئارشىن مال ئالان» ، «تاھىر ـ زۆھرە»
، «غېرىب ـ سەنەم» ، «پەرھات ـ شېرىن» ، «غۇنچەم» ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش دىرامىلار ئوينالغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەت
كىچىلىكلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. ئەينى دەۋردىكى گېزىلتەر-
دە ئالدىن بىر ھەپتىلىك كىنو ئېلانى بېرىلگەن. مەسىلەن:

كونسۇل باغدا ـ كوتوۋسكى
ئۆزبېك كىنو بېغىدا ـ ۋ. ئى. لېنىن
ئىتتىپاق كۇلۇبىدا ـ موسكۋاغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن
رۇس كۇلۇبىدا ـ ئاكادېمىك پاۋلوف
خەنزۇ كۇلۇبىدا ـ ئاكادىمىك پاۋلوف
جۈمە كۈنى
كونسۇل باغدا ـ مىچۇرىن
ئىتتىپاق كۇلۇبىدا ـ ئاكادېمىك پاۋلوف
ئۆزبېك كۇلۇبىدا ـ تاھىر ـ زۆھرە
تاتار كۇلۇبىدا ـ موسكۋاغا شان ـ شەرەبلەر بولسۇن



رۇس كۇلۇبىدا ـ ئاخىرقى كېچە
خەنزۇ كۇلۇبىدا ـ ئېلبا دەياسى بويىدا ئۇچرىشىش
(«ئالغا گېزىتى» 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
86 ـ سان ئۇيغۇرچە) . سوۋېت ئىتتىپاقى فىلىملىرى ئاساسەن
رۇس تىلىدا بولۇپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقلاردا قىسقىچە
دىئالوگلار بېرىلگەن.

1940 ـ يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە كىنو پراكات ـ كىنو
فىلىم تارقىتىش ـ باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئېلىد-
مىزدە ئىشلەنگەن ياكى ئىمپورت قىلىنغان فىلىملەر كىنو پرا-
كات تەرىپىدىن تارقىتىلغان. تارقىتىش ئالدىدا ھەر مىللەت،
ھەر ساھە زاتلىرىدىن تەشكىللەنگەن كومىسسىيىگە قويۇپ بېرد-
لىپ، كومىسسىيىنىڭ پىكرى ئېلىنغان. دەۋر ئەخلاقىغا ماس
كەلمەيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر قىسقارتىلغان.

كىنوخانىلارنىڭ سېلىنىشى، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سەھ-
نىلەشتۇرۇلۇشىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ،
1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1940 ـ يىللارنىڭ
ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرى ئوينال-
غان ئىدى.

كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدا كۈندۈزلۈك ۋە كېچىلىك بازارلار
شەكىللىنىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ سودىسى قىزىغان.

كىنوخانىلار يالغۇز كۆڭۈل ئېچىش رولىنى ئويناپلا قالماي
فېئودالىزىمغا، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، يېڭى مەدە-
نىيەتنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش، ئاياللار ئازادلىقىنى ئىلگد-
رى سۈرۈش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، كونىلىقتىن قۇتۇ-
لۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋەتەننى قوغداش، ياپون باسقۇنچىلىرد-
غا، فاشىزىمغا قارشى تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش، خەلق
ئاممىسىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بې-

رشكە تەشكىللەش، كۈرەشكە ئۇيۇشتۇرۇش، سوتسىيالىزىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە مۇئەييەن رول ئوينىدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. نۇرمۇھەممەت زامان: «كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. شېرىپ خۇشتار «ئىلىدا كىنوچىلىق ئىشلىرى»، «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 1994 ـ يىل 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە.
3. شېرىپ خۇشتار «30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۈچ كىنو شىركىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇيغۇرچە.
4. «ئالغا گېزىتى» 1949 ـ يىل 4 ـ 5 ـ ئايلىق سانلىرى.
5. بىر قىسىم پېشقەدەملەر بىلەن بولغان سۆھبەت.

(ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىنى ئىشلىرى كومىتېتىدىن)



# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنقىلابىي هاياتىم ۋە كەچۈرمىشلىرىم

ئابدۇللا تۆمۈر

«ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە هاياتلىقتۇر. هاياتلىق هەربىر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. هاياتلىقنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى، ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن پۇشايمان قىلمىسۇن، تۇرمۇشنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىسۇن. جان ئۈزۈش ئالدىدا هاياتىمنى دۇنيا بويىچە ئەڭ سەلتەنەتلىك ئىشقا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم دېگەن سۆزنى قىلالىسۇن»

— نېكولاي ئوستروۋسكى

مەن بۇ يىل 83 ياشقا كىرگەن پېنسىئونېر بولۇپ 27 يىللىق ئۆسمۈرلۈك ـ ياشلىق دەۋرىم ئانا يۇرتۇم قۇمۇلدا، 26 يىللىق ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چەت، نامرات خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئۆتتى. 1976 ـ يىلى ئانا يۇرتۇم قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىپ مائارىپ خىزمىتى ئىشلەپ 1989 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئائىلەمدە ئاخىرقى ئۆمۈرۈمنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. هاياتلىق مۇساپەمنى ئەسلىسەم، كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇ بىر كۆز

ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. ئۆتكەن ھاياتىم جاپالىق ھايات، خەلق
ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەن ئىنقىلابىي ھايات بولغاچقا، قىلچە
ئۆكۈنمەيمەن، بەلكى ھاياتىمنىڭ بىھۇدە ئۆتمىگەنلىكىدىن پۇ-
شايمان ئەمەس پەخىرلىك، مەمنۇنلۇق ھېس قىلىمەن. ياشلىق
دەۋرىمدە قۇمۇلدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش
قىلىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ تۆھپە
قوشتۇم. ياشلىق - قىران چاغلىرىمدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھى-
يە، يېزا - قىشلاقلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش
دولقۇنلىرىدا خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى جاپالىق
كۈرىشىگە قاتنىشىش بىلەن ئۆتتۈم. ھازىر تەبىئەت قانۇنىيىتى
بويىچە ياشانغاندا كۆز نۇرۇم خىرەلىشىپ، تېنىم ئاجىزلاپ
بېرىۋاتىدۇ. تۆۋەندە ھازىرقى ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارغا
پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئارزۇدا 80 يىللىق ھايات مۇساپە-
نىڭ ئەسلىمىسىنى تەقدىم قىلدىم.

## ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم ۋە ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بولۇش جەريانىم

مەن 1922 - يىلى ھازىرقى شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ
سۇقۇۋۇق مەھەللىسىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇل-
دۇم. ئەسلى ئاتام ئوسمان گادا بىلەن ئانام زەينەپخان مەن
قۇرساقتىكى چاغدا ئاجرىشىپ كەتكەن بولغاچقا، مەن ئانامغا
قالغان ئىكەنمەن. مەن ئانا جەمەت بوۋام جامالىدىن راشىدىن،
مومام مەريەمخان ۋە ئانامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم. بوۋام
بىلەن مومام 1931 - يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ۋاپات
بولۇپ كەتكەچكە، ئانامنىڭ چوڭ ئاكىسى تۆمۈر ئاخۇننىڭ ئۆيى-
دە بالىلىق ھاياتىمنى ئۆتكۈزدۈم. 1928 - يىلى ئانام زەينەپخان-
نى شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئات باقارى سېيىت ئاخۇنغا خوتۇنلۇققا



زورلۇقچە ئېلىپ كەتتى. مەن يەتتە يېشىمدىن باشلاپ مومام،
بوۋام ۋە ئانامدىن ئايرىلىپ يېتىم قالدىم. 1934 - يىلى قۇمۇل-
دا يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ (بازار 1 - باشلانغۇچ) ئېچىلغان-
دا، فامىلەمنى تۆمۈر دەپ ئۆزگەرتىپ مەكتەپكە باردىم. لې-
كىن، چوڭ دادام تۆمۈر ئاخۇن ئائىلىسى مېنىڭ مەكتەپتە
ئوقۇشۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئائىلە ئىشلىرىغا سالغانلىقتىن، چى-
داپ تۇرغۇسىز روھى ئازاپ ۋە جاپا - مۇشەققەتكە قالدىم،
ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. 1937 - يىلى ئەتىياز كۈنلىرىدە
ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ
پىيادە 80 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول مېڭىپ، ھازىرقى جىگدە
مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە، تاپىنىم جاراھەتلىنىپ قالدى.
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھامۇت رەشىدى ۋە يەھيا قارى-
لار مەكتەپ خىزمىتى بىلەن جىگدىگە كەپتىكەن، قايتىپ كېتى-
شىمگە تەربىيە قىلغاچقا، قۇمۇلغا قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ ئەھ-
ۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچۇم ئابدۇرېھىم ئابدۇللايېۋ
بىلەن ئابدۇللا تۇرسۇنوفلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى بىلەن
باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيى-
تىگە ئىگە بولۇپ، تىرىشىپ ئوقۇدۇم ۋە مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ،
1939 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەل-
لىمىنگە ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ بىلەن تەڭ قوبۇل
قىلىندىم. مەندىن يېرىم يىل بۇرۇن قۇمۇلدىن قوبۇل قىلىنغان
ئابدۇللا راخمان، ئېلى ھامۇت، سابىت مەھمۇتلار بىلەن ساۋاق-
داش بولدۇم. بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقىمغا ئىنتايىن
خۇشال بولغاچقا، 3 يىللىق ئوقۇش جەريانىدا جان - دىلىم
بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەكتەپنىڭ بارلىق تۈزۈملىرىگە
ئاڭلىق رىئايە قىلدىم ھەمدە ئۆگىنىش باشلىقى، سىنىپ باشلى-

قى، تەرتىپ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئاكتىپ ئورۇنلىدىم. 1940 ـ يىلى بىرقېتىم مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆز مۇسابىقىسىدە «بىز ياشلار ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ ماتېرىئالىستىك دۇنيا قاراشقا ئىگە بولايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالەمنى ئوقۇپ سۆزگە چىقتىم ۋە مۇكاپاتلاندىم. ھەمدە بۇ ماقالام تولۇق تېكىستى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» دە بېسىلدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا (1940 ـ يىلى ئەتىيازدا) شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتىم. بۇ مەكتەپنىڭ تەرتىپ مۇدىرى ـ سىياسەت، پەلسەپە، جۇڭگو تارىخى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇستازىم خۇشچىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدىغان زات ئىدى) نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتىم. بۇ ئۇستازىم ماڭا ئايرىم تەربىيە بېرىپ: «مەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىمەن، ماۋزېدۇڭ، جۇدېغا ئىشىنىمەن، جىياڭ جېشى جۇڭگو خەلقىنىڭ دۈشمىنى. . .» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەچكە، مېنىڭ ئاق قەغەزدەك ساپ ئىدىيەمگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ ئورۇنلاشقانلىقتىن، شۇ چاغدىن باشلاپ ماۋزېدۇڭ، جۇدېغا ئىشىنىپ، جۇڭگو تارىخى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ساۋاتلارنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ھەمدە ئىلىم ـ پەن ئاساسىي بىلىملىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىدىم ۋە فېئودال دىنىي خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇم. دۇنيادا ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى، كوممۇنىزم غايىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلەيدىغان بىردىن ـ بىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋ



زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىغا ئۈمىد باغلىدىم ۋە ياش قەلبىمدە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان ـ دىلىم بىلەن ئىشلەش ئۇلۇغۋار ئىدىيىسى بىخلىنىپ چىقتى.

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندىكى 3 يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەسەن تۆمۈر قاتارلىق ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، راھەتباغ مەكتەپكە تەقسىم قىلىندىم ۋە مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇللا راخمان بىلەن بىرگە باشلانغۇچ مەكتەپ يۇقىرى سىنىپىدىكى 26 نەپەر ئوقۇغۇچىغا تىل ـ ئەدەبىيات، شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرى بەردىم ھەمدە بۇ مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم ھازىرقى دۆلەت شېئىرىنى ئۆگەتتىم (مەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغاندا بۇ شېئىرنى ئۆگىنىۋالغان). بۇ جەرياندا بۇ ئوقۇغۇچىلارغا كومپارتىيە، سوتسىيالىزم ۋە دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم ھەققىدە ۋە دىنىي خۇراپاتلىققا ئىشەنمەسلىككە تەربىيە بەرگەنلىكىم «گۇناھ» بولۇپ، 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئارا تۈرك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىغا ئاتالمىش «مەكتەپ مۇدىرى» دېگەن نام بىلەن سۈرگۈن قىلىندىم. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نومدا يۇقۇملۇق كېزىك تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە ئۆلۈپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلاردىمۇ كېسەل بولغانلار كۆپىيىپ مەكتەپكە كەلمىدى. كېسەل ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاپ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، 1942 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەنمۇ كېزىك بىلەن يۇقۇملىنىپ يېتىپ قالدىم ۋە 4 ـ 3 كۈندىن كېيىن كېسىلىم ئېغىرلىشىپ جۆيلۈپ سۆزلەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، كەمبەغەل دېھقان ناسىر ئاخۇن، قىزى غۇنچەخان ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ھاپىز ئىمىنلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك،

مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان ياردىمىگە ئېرىشتىم. ئۇلار ئۆز ئۆ-
يىدە 2 ئاي كېسىلىمدىن خەۋەر ئېلىپ، بېقىپ قارىغانلىقتىن
ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ ھايات قالدىم. چۈنكى، بۇ چاغدىكى
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنى ئېزىشنىلا بىلىپ، خەلقنىڭ ھايا-
تى، ساقلىقىنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرى بىلەن زادىلا كارى
بولمايتتى. نومدا خەلق ئىچىدىكى بىر نەچچە مىللىي تىبابەت
تېۋىپلىرىدىن باشقا بىرمۇ دوختۇرخانا، دورا يوق ئىدى. ھەر
كۈنى 4 ـ 3 ئادەم قازا قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى بۇ ئەڭ چەت
چېگرا كەنتنىي يىغا ـ زارە، قايغۇ ـ ئەلەم قاپلاپ كەتكەنىدى.

## خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇمۇل ياشلار گۇرۇپپى-
## سىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش

1943 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مېنى ئاراتۇرك
ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى دەرس پروگراممىسى بويىچە دەرس
ئۆتمىدى، دېگەن باھانە بىلەن ئورنۇمغا ئابدۇللا يۇسۇپنى تەيىن-
لەپ، مائاش دەرىجەمنى تۆۋەنلىتىپ نومدىن نېرىنكىر مەكتەپكە
يۆتكىۋەتتى.

1943 ـ يىلى7 ـ ئايدا، قۇمۇل بازارلىق 1 ـ باشلانغۇچ
مەكتەپكە قۇمولدىكى 150 دىن ئارتۇق بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى
يىغىپ، بىر ئايلىق «ئۈچ مەسلەك (سەنمىنجۇيى) نى ئۆگىنىش
كۇرسى» ئېچىلدى. بۇ كۇرۇسقا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئابدۇللا
سېيىت، سىدىق نىياز، ئىسمايىل توختى، كېرەم رەھىم قاتار-
لىق ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا مەنمۇ قاتناشتىم. گومىنداڭنىڭ ساق-
چى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ دېگەن بىر ئەمەلدارى كۇرۇسقا
كېلىپ، ئۈچ مەسلەكتىن دەرس سۆزلىگەندە، كومپارتىيىگە،
ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقىپ،
ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن كونا نەرسە، سوۋېت



ئىتتىپاقى قىزىل جاھانگىر، دېگەندەك زەھەرلىك، ئەكسىيەت-
چىل گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغاندا، مەن چىداپ تۇرالماي ئورنىم-
دىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا، سوۋېت خەلقى لېنىن ـ ستالىنىنىڭ
رەھبەرلىكىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى قوللىنىپ، دۇنيا
بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇردى. سوۋېت خەلقى
چارروسىيە پادىشاھلىقىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازات قىلىندى . . .
نېمە ئۈچۈن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن
كونا نەرسە بولۇپ قالىدۇ؟ سوۋېت خەلقى لېنىننىڭ ۋەسىيىتىگە
ئەمەل قىلىپ، ئاجىز ئەللەرگە، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى ئۇرۇشىغا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلى-
رىغا نۇرغۇن خالىس يادەملەرنى قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن
سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل جاھانگىر بولىدۇ؟ دەپ رەدىيە بېرىپ
سوئال قويدۇم. بۇ ئەمەلدار غەزەپلىنىپ، جوزا مۇشتلاپ،
مېنى ھاقارەتلەپ، ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ماڭا
ئاتالمىش تەنبىھ بېرىپ، نازارەت ئاستىغا ئېلىندىم. لېكىن،
كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلار ماڭا يوشۇرۇن ھېسداشلىق قىلىپ
قوللىدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇمۇلدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى
مېنى «دىنسىز» قارا مۇناپىق، جەدىت (دىنغا قارشى مائارىپنى
يولغا قويغۇچى)، «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى» دەپ ھاقارەت-
لەپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن قالدۇردى. 1944 ـ يىلدىن
1949 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن
قىيىنچىلىقتا بولغاچقا، جان بېقىش ئۈچۈن كۈندۈزى كىشىلەر-
نىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىنى قىلاتتىم. كېچىسى قارا چىراق يورۇ-
قىدا «ر ك پ (ب) تارىخى» ۋە ستالىنىنىڭ «لېنىنىزم مەسىلى-
لىرى» قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئىلغار كىتابلار-

نى ئۇقۇپ روھى ئوزۇق ئالدىم ھەمدە ئىنقىلابىي روھىم ئۇرغۇپ، كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇم. ھەر دائىم گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىدىن ھوشيار بولۇپ، يېنىمدا بىر كالتەك، بىر پىچاق ساقلاپ يۈردۈم. يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي يولغا ئىنتىلدىم ۋە ئىزدەندىم. ماۋزېدۇڭ، جۇدېنىڭ يېنىغا بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، خەنزۇچە بىلمىگەندىن باشقا يېتەرلىك ئىقتىساد بولماي، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا بۇ ئارزۇيۇمنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش چارىسىنى تاپالماي قالدىم.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىششنى تەلەپ قىلىپ يازغان ئىلتىماسىمنى سەيپىدىن ئەزىزگە تاپشۇردۇم. سەيپىدىن ئەزىزى: «ھازىر ئۈرۈمچى نەنلياڭ قىزىل خىش بىناسىدا ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك 6 ـ قېتىملىق مۇئەللىملەر تەلىم ـ تەربىيە كۇرسى ئېچىلىدۇ. شۇ كۇرسقا بېرىپ قاتنىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن سەيپىدىن ئەزىزى كۇرس مۇدىرى بولغان بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئۆگەندىم. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى مەسئۇت سابىرى قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بۇ كۇرسقا كېلىپ، دەرسخانىدا ئولتۇرغان 100 نەپەردىن ئارتۇق مۇئەللىمگە: «مىللەتچىلىك، فان تۈركىزىم، چىنى تۈركىستان» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى سۆزلەپ بازارغا سالغاندا مەن نارازى بولۇپ چىداپ تۇرالماي، دەرسخانىدىن چىقىپ كەتتىم ۋە چىقىپ كەتكىچە غەزەپ ـ نەپرىتىم بىلەن كارىدورغا قاتتىق دەسسەپ ماڭغاندا، كارىدورنىڭ پولىدىن چىققان ئەكس سادا بىنا ئىچىدە شاۋقۇن



پەيدا قىلدى.

بۇ چاغدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە فانتۈركىست مەسئۇت سابىرىنىڭ شىنجاڭغا رەئىس بولغانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ قوراللىق قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن ئابدۇراخمان مۇھەممەتنىڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە يۈز كىشى تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ غۇلجىغا باردى. بىر يىل ئىلگىرى (1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا) ۋىلايىتىمىزدە تەڭرىتاغ، شارلار تېغىدا يېزا خەلقىنىڭ سېيىت قۇربان، ئۇنانباي باشچىلىقىدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى قۇمۇلدا تۇرالماي، ئۈچ ۋىلايەتكە ـ غۇلجىغا كەتكەن ئىدى. بۇچاغدا قۇمۇلغا قايتىش خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، سەيپىدىن ئەزىزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن مەن، ئىمىن ئوسمان، ئىمىن نۇرۇللا بولۇپ ئۈچەيلەن 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر تەشۋىقات ماتېرىيالى ۋە ئابدۇرېھىم ئابدۇللايېف بەرگەن ئىلغار پىكىر ـ ئىدىيەلىك ماقالىلەر بېسىلغان «شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىدىن 8 ساننى ساندۇققا يوشۇرۇن قاچىلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدۇق. لېكىن گومىنداڭنىڭ ساقچى تارماقلىرى «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۈچ نەپەر ئىشپىيونى كوممۇنىست بولۇپ، سوۋېت ئايروپىلانى بىلەن قۇمۇلغا كەتتى. يېتىپ بېرىشىغا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاڭلار» دەپ تېلېگراما يوللىغان ئىكەن. قۇمۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى شەھەر ئىچى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى مۇختار ئادىل ساقچىلارنى قىزىل يۇلغۇن ئايرودرومىغا باشلاپ چىقىپ، ئىمىن

نۇرۇللا قۇمۇل ۋاڭنىڭ غوجا ئەۋلادى، ئىمىن ئوسمان يولۋاس-
نىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ئوسمانشاھ بېگىمنىڭ ئوغلى، مەن
ئاددىي بىر دېھقان ئوغلى بولغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، بۇلار
كوممۇنىست ئەمەسكەن، قۇمۇلنىڭ ئۆز ئادىمى تۇرسا دەپ قولغا
ئالمىدى. بۇ چاغدا قۇمۇلدىمۇ بەزى ئىلغار ياشلار ئۆزلىكىدىن
قوزغىلىپ، گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت قوزغاۋاتقان ئىدى.
سادىر تۇرشا (ئايالىم مەلىكىخاننىڭ ئاكىسى بولۇپ، بۇ چاغدا
ئاراتۇرك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى) نى گومىنداڭ ھۆكۈمى-
تى 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قولغا ئېلىپ،
بەكرى دۇسا (ئارا تۇرك ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇسا-
سى بولغان) بىلەن بىرگە چوڭ گازارمىدىكى ھەربىي تۈرمىگە
قاماپ قويغان ۋە ئۇزاق ئۆتمەي بەكرى دۇسانى ئېتىپ ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكەن ئىدى. سابىت مەخمۇت، ئېلى هامۇت قاتارلىق ئىلغار
زىيالىيلارنىمۇ قولغا ئېلىپ ئەمدىلا قويۇپ بەرگەن ئىدى. گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمىنى ۋە قانلىق
باستۇرۇشلىرىنى كۈچەيتكەنلىكىگە تېخىمۇ غەزەپلەندۇق. بىز
گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلىدىغان
تەشكىلگە ئۇيۇشۇشقا ئېھتىياجلىق بولىۋاتقان ئىدۇق. ھوشۇر
مۇسا مېنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققان ئىدىيە،
ھەرىكەتلىرىمنى سىرتتىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك، 1945 -
يىلى 2 - ئايدا مېنىڭ ئۆيۈمگە 2 قېتىم كېلىپ سۆھبەتلەشتى
ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بېرىپ: ھازىرقى ۋەزى-
يەت بىزنى غۇلجا ئىنقىلابى تەرەپتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشى-
مىزنى تەلەپ قىلىدۇ، دېدى ۋە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىدىن
ھوشيار بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى مەھكەم ساقلاپ، قۇمۇلدىكى



ياشلارنىڭ ئىدىيە ئەھۋاللىرىنى ئىگەللەش توغرىسىدا تاپشۇرۇق
بەردى. مەن بۇ مەزگىلدە بىرگە ئوقۇغان، ئىدىيە، ھەرىكەتتە
سىرداش - مۇڭداش بولغان ھەسەن تۆمۈر، ئابدۇللا راخمان،
سابىت مەخمۇت . . . قاتارلىق دوستلىرىم بىلەن داۋاملىق بې-
رىش - كېلىش قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە ھەم-
سۆھبەتتە بولۇپ تۇراتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا
تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرەت-
تۇق. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە قارشى جىنايەتلىرى
توغرىسىدا، دۇنيادىكى ۋەقەلەر، جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى
ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق. 1947 - يىلى 11 - ئايدا مېنىڭ
ئۆيۈمدە ئىشەنچلىك يېقىن دوستلاردىن بىز تۆت ئادەم (مەن،
ئىمىن ئوسمان، ساۋۇت مەخمۇت، ئەمەت روزى) جەم بولۇپ،
قۇمۇلدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى خەلقچىل ياشلار تەشكى-
لاتىنىڭ تۆت كىشىلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق. تەشكى-
لاتىنىڭ نامىنى «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇمۇل ياشلار گۇ-
رۇپپىسى» دەپ ئاتىدۇق ۋە بۇ گۇرۇپپىنىڭ «8 ماددىلىق ئىنقى-
لابى ھەرىكەت پروگراممىسى» نى ماقۇللىدۇق ھەمدە قەسەم
بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق. بۇ تۆت كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ
خىزمەت تەقسىماتىدا ئىمىن ئوسمان گۇرۇپپا باشلىقى، سابىت
مەخمۇت تەشكىلىي خىزمەتكە، مەن كاتىبات - تەشۋىقات خىزمى-
تىگە، ئەھمەد روزى ئىقتىسادىي خىزمەتكە مەسئۇل بولدۇق.
بىزنىڭ بۇ قۇمۇل ياشلار گۇرۇپپىمىز ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى
باش تەشكىلگە شىنجاڭ ئازات بولغىچە 6 قېتىم دوكلات يوللى-
دۇق.

يولبارس 1946 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭچىڭدىن قۇمۇلغا
قايتىپ چىقىپلا قۇمۇلنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى قولغا

كىرگۈزۈۋالدى (يولبارس 1937 - يىلى 4 - ئايدا شېڭ
شىسەينىڭ قولىغا ئېلىشىدىن قورقۇپ، بوغاز چۆلى بىلەن ئاتلىق
دۇنخۇاڭغا قېچىپ، مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ قوللىشى ئارقى-
لىق چۆچەككە بېرىپ، جياڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان
ئىدى)، يولبارس قۇمۇلدىكى ئىلغار پىكىرلىك بىلىم ئىگىلى-
رىنى چەتكە قاققانلىقتىن، تاشكەنتتە ئوقۇغان ئابدۇرېھىم ئاب-
دۇللايېۋ ۋە شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇلدىكى ساقچى تارماقلىرىدا
ئىشلىگەن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي ھوشۇر موسا قاتارلىق كى-
شىلەر ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تاشكەنتتە
ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان سەئىدى قۇمۇلنىڭ مەدەنىي - مائا-
رىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئامال - چارە
قىلىپ، 1946 - يىلى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى ئۇيغۇر سىنىپى
ۋە دارىلمۇئەللىمىن قۇردى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇ-
چىلارنى تەكلىپ قىلدى (مەنمۇ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىن-
غان ئىدىم)، يولبارسنىڭ كۈيئوغلى ھوشۇر ئۆلۈقنى ئابدۇراخ-
مان سەئىدىنىڭ ئورنىغا دارىلمۇئەللىمىنگە مەكتەپ مۇدىرى
قىلىش ئۈچۈن ئابدۇراخمان سەئىدىگە «يولبارسقا قارشى تەش-
كىلات قۇرۇپتۇ» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلماق-
چى بولغاندا، ئابدۇراخمان سەئىدى ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتتى.

## ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈش

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك 6 - قېتىم-
لىق مۇئەللىملەر كۇرسىدىكى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ كۇرسقا ئىك-
كى قېتىم كېلىپ قىلغان دوكلاتىنى بىۋاستە ئاڭلىغان ۋە بۇ
رەھبىرىمىز بىلەن بۇ كۇرستا باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىرگە
ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن ئىدىم.



مەن ئىدىيە جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قى-
لىپ، ئۇنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا خېلى بۇرۇنلا قىز-
غىن مۇھەببەت باغلىغان بولغاچقا، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن
بىۋاستە كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ۋە تەلىمىنى
ئاڭلاشنى ھەم قەلبىمدىكى يۈرەك سۆزلىرىمنى بايان قىلىشنى
ئۇزاقتىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئىككى
كۈن تەييارلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىم ۋە
كەچۈرمىشلىرىمنى ھەمدە قۇمۇلدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
خەلققە قىلغان جىنايەتلىرى ھەققىدە 6 بەتلىك ماتېرىيال تەييار-
لىدىم. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەتىگەن سائەت
10 دا بۇ 6 بەتلىك دوكلاتنى ئېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى تۇرۇش-
لۇق جاي نەنخۇايۇەن (جەنۇبىي گۈللۈك ھويلا - ھازىرقى مائا-
رىپ نازارىتىنىڭ ئورنى) گە كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
ئىشخانا - ئۆيىگە كەلدىم. ئەخمەتجان قاسىمى مەن بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تەبەسسۇم ۋە قىزغىنلىق بىلەن
قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشتى. مەن 6 بەتلىك يازما دوكلاتىمنى
تاپشۇرۇپ بەردىم. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ دوكلات ماتېرىيالىمنى
ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن ئەھۋالىمنى سوراپ
چىقتى ۋە تۆۋەندىكى مۇھىم يوليورۇق ۋە تەربىيە بەردى (مەن
ئەينى ۋاقىتتا خاتىرە يازغان بولۇپ، خاتىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇ-
نىدىن تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل قىلدىم):

«شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغان بولسىمۇ، 7 ۋىلايەت
خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا
تۇرماقتا. بىزنىڭ مەقسىتىمىز پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش،
سىزگە ئوخشاش ئىنقىلابىي ياشلار قۇمۇلدىمۇ بولۇش لازىم.
ھەممىمىز غۇلجىغا بېرىپ، بىر يەرگە توپلىشىۋالساق، 7 ۋىلا-

يەتتىكى خەلق ئاممىسىنى، ياشلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىتتىپاقلاشتۇرمىساق، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلغىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ قۇمۇلدا تەربىيىلىگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز بار ئىكەن. سىز قۇمۇلغا قايتىپ كېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەسئۇت، ئەيسا، قۇمۇلدىكى يولبارس قاتارلىق خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پاش قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىڭىز ۋە تەربىيىلىشىڭىز لازىم. ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن تەۋرەنمەي، ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشىڭىزلارنى تەلەپ قىلىمەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە شەرمەندىلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى قۇل قىلىش مەقسىتى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. كۈچ بىرلىكتە . . . پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلقىمىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئۆلكىمىزدە ئازاتلىق، خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، 11 بىتىمنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمىز. ئاخىرقى غەلىبە خەلقىمىزگە مەنسۇپ . . . بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ھەرىكەت ئەمەس، پەقەت ئەزگۈچى، مۇستەبىت، زالىم دارىنلەرگە قارشى ھەرىكەتتۇر. مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە تۇرغۇچىلار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ دوستىمىزدۇر. بۇنداق پوزىتسىيىدە بولمىغانلار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر.

كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىك



مېھنەت يوق. چۈنكى، ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئەللىم مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچى مۇئەللىملىرىمىز كەمسىتىلىپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولمايۋاتىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ئىنىسى شېڭ شىچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل يولغا مېڭىشىغا قارشى تۇرغانلىقتىن يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا، تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن 300 نەچچە ئىلغار زىيالىيلىرىمىزدىن 200 نەچچىسى شېڭ شىسەي، ۋۇ جۇڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكىنىڭ داۋاچىلىرى ئىدى . . . . سىزنىڭ يازما دوكلاتىڭىزنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . . . . »

ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇق ۋە تەربىيىسىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدىم ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «مەن گومىنداڭ ئەكسىيەتلىرىگە، فانتۇركىست، مىللەتچى مىللىي مۇناپىقلارغا قارشى جېنىمنى پىدا قىلىپ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمەن» دەپ قەسەم قىلدىم. ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىرسىنى چاقىردى. ئىشخانىغا بېشىغا شەپكە، ئۇستىگە قارامتۇل رەختتىن جۇڭشەنفۇ كىيگەن 30 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ياش كىشى كىرىپ، فوتو ئاپپاراتىنى بىزگە توغرىلاپ سۇرەتكە تارتتى (بۇ خاتىرە سۇرەتنى قەدىرلەپ، ھازىرغىچە پۇختا ساقلاپ كەلدىم).

ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى مېنى قوبۇل قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق ۋە تەربىيە بەرگەندە ئۇنىڭ رەپىقىسى

ماھىنۇر خانىم ئىچكىرىكى ھۇجرىدا بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمدىنىڭ مېنى قوبۇل قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بەرگىنىدىن ۋاقىپ بولغان ئىدى. ماھىنۇر خانىم ئارىدىن 47 يىل ئۆتۈپ 1994 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇمۇلغا خىزمەت بىلەن كەلگەندە ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن سابىق ۋالى ئايۇپ قۇربان ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچىخان ياقۇپنىڭ ھەمراھلىقىدا مېنى يوقلاپ ئۆيۈمگە كەلدى. ھەممىمىز بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنى چوڭقۇر ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دىدارىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولدۇم.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى خىزمىتىم ۋە كەچۈرمىشلىرىم

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلغا تېزراق كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزلىكىمدىن تەشۋىقاتچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىم. بۇ چاغدا قۇمۇلغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى، ھەر خىل بۇزۇق ئادەملەر كېلىپ، ۋەزىيەت مۇرەككەپ ۋە جىددىي بولغاچقا، كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تىنىچلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئازادلىق ئارمىيە 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە 10 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالدىم. ئىككى نەپەر ئازادلىق ئارمىيە كادىرى ئۆيۈمگە كېلىپ ئانام بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۆيۈمنىڭ تېمىغا: «بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە، ئات - ھارۋىنى قوش ئەمدى، ئىنقىلابقا ئاتلان-



دىم، قوشنا - دوستلار خوش ئەمدى. ئۆيۈڭ كۆيسە تام قالۇر، كىشى ئۆلسە نام قالۇر» دېگەن قوشاقنى يېزىپ قويۇپ، ئايالىم مەلىكىخان بىلەن بىرگە 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتناشتۇق. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 8 ماددىلىق ئېلانىنى 146 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشتۇق.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، 1950 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ شۆبە بيۇرو يەرلىك كادىرلار كۇرسى (شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپىنىڭ 1 - قارارلىق كۇرسى) دا ئوقۇشقا تونۇشتۇرۇلۇپ ھەم ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدۇم ھەم قوشۇمچە كادىر بولۇپ ئىشلىدىم.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەرلىك كادىرلار كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى جاپالىق ۋە ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىش، ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش دېگەن چاقىرىقنى چىقارغاندا، مەن باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە «مەن . . . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ قىيىن - جاپالىق جايلارغا بېرىپ، پۈتۈن ھاياتىمنى، بارلىقىمنى خەلق ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى، سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم ئۈچۈن بېغىشلايمەن. . .» دەپ قەسەم بەردىم.

## خوتەندىكى 26 يىللىق ھاياتىم

يۇقىرىقى قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ شىنجاڭ شۆبە بيۇرو

پارتكومىنىڭ تەقسىماتى بويىچە 1950 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەدەنىيەت، قاتناش، تۇرمۇش شارائىتى ئەڭ ناچار خوتەن ۋىلايىتىگە خىزمەتكە باردىم. ۋىلايەتلىك پارتكوم مېنى ۋىلايەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۆلۈمىمىز ۋىلايەت بويىچە مەدەنىي - مائارىپ، سەنئەت، كىنو قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىدى.

1950 - يىلى 10 - ئايدىن كېيىن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، 108 يۈەنلىك ئايلىق مائاش ئېلىۋاتقان شارائىتتا بىر يىلغىچە مائاشىنىڭ 60% نى تىجەش ئارقىلىق 1300 يۈەن ئىئانە قىلدىم ۋە «خوتەن گېزىتى» دە تەقدىرلەندىم. ۋىلايەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ۋە ئاكتىپ ئىشلىدىم.

1951 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ قارارى بىلەن ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ئۈچۈن چىرا ناھىيىسىگە كەلدىم. چىرا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىننىڭ رەھبەرلىكىدە نەرسىلىرىمنى يۈدۈپ 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى پىيادە مېڭىپ «ئويغىنايلى دېھقانلار، يوقسۇللۇقنى تارتقانلار، ئەمدى بىزنى ئېزەلمەس، ئۆيدە ئوڭدا ياتقانلار» دېگەن ناخشا - قوشاقنى ئېيتىپ گۇلاخما رايون مەدىرقىن يېزىسىدا 10 دىن ئارتۇق كادىرغا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ 9 -، 10 - كەنتتە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىشلىدىم. دېھقانلار بىلەن بىرگە زاغرا نان يەپ، كۆلچەك سۈيىنى ئىچىپ، غەيرەت - شىجائەت بىلەن خىزمەتكە ئاتلاندىم. بەزىدە بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ



ئىشلىگەنلىكتىن نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم. 1952 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ خوتەن دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئورگىنى قىسقارتىلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كېسەل بولغىنىمغا قارىماي، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام قاتارلىق بىر قاتار يېزا خىزمەتلىرىنى جان - دىل بىلەن ئىشلەپ، چىرا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىن ۋە ھاكىم كەنجى ئىبراھىمنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم.

1954 - يىلى چىرا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، تەشۋىقات گەنسى ھەم سىياسىي - نەزەرىيە مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىدىم. 1962 - يىلى 7 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى بولۇپ يۆتكەلدىم. 1964 - يىلى 2 - ئايدىن 1967 - يىلى 1 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا 6 قارار سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتىم.

1951 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى بولۇپ، ھەرخىل مەزمۇنلاردا 281 پارچە خەۋەر، ماقالە، 32 پارچە (224 كۇبلېت) شېئىر، قوشاق يازدىم (ئېلان قىلدىم)، 20 قېتىمدىن ئارتۇق تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندىم. چىرا ناھىيىسىدىكى ئىدارە، جەمئىيەت كادىرلىرىغا 1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەن، يازغان «كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى سىياسى، نەزەرىيەۋى ماقالىلار توپلىمى (123 بەتلىك) نى نەشىر قىلدۇرۇشقا مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا يوللاپ بەردىم.

1958 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېرىيە ناھىيە قىزىل بايراق گۇڭشېسىنىڭ ئەزاسى، پىشقەدەم دېھقان قۇربان

تۈلۈمىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى گېزىتتىن كۆرۈپ، خۇشال بولدۇم ۋە ھاياجانلاندىم. مەن چوڭ-
قۇر تەسىرلىنىپ، «بېيجىڭغا سالام» دېگەن 7 كۇبلېت شېئىر-
نى يازدىم ھەمدە بۇ شېئىرىمنى 1959 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30
- كۈنى چىرا ناھىيىسىدە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىل-
لىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كەچلىك سەنئەت يىغىنىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەردىم.

1961 - يىل 2 - ئايدا پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭدا 20 كۈن سەيلە - ساياھەتتە بولدۇم. شەھەردىكى يېڭى قۇرۇلۇشلار، تارىخىي يادىكارلىقلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، چوڭقۇر تەسىرلىنىپ تۆۋەندىكى قوشاقنى يازدىم.

تيەنئەنمېنىنىڭ ئالدىدا،
چۈشتۈم خاتىرە سۈرەتكە.
ئۆتۈمۈشتىكى كۈنلىرىم،
كەلدى دەرھال ئېسىمگە.

ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
كەلدىم پايتەخت بېيجىڭگە.
ماۋجۇشىغا مۇھەببەت،
يالقۇنلايدۇ قەلبىمدە.

ئۆتمۈشتىكى كۈنلەردە،
مەندەك يېتىم كېلەمتى.
مۇستەبىتلەر بىزلەرگە،
شۇنداق ھوقۇق بېرەمتى.



سەيل قىلدىم بېيجىڭدە،
تيەنئەنمېندە - گۈلباغدا.
شادلىق قاپلاپ دىلىمنى،
يايراپ كەتتىم شۇ چاغدا.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا «گومىنداڭنىڭ قالدۇق داشقىلى، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن تۆھمەت - جىنايەت بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ، ئېگىز قالپاق كەيگۈزۈلۈپ سازايى قىلىندىم ۋە 52 كۈن كۈرەش قىلىندىم. ئائىلەم ئاختۇرۇلۇپ، 28 يىلدىن بۇيان يازغان، توپلىغان نۇرغۇن قىممەتلىك شەخسىي ماتېرىياللىرىم بۇلاپ كېتىلدى ۋە شۇ چاغدا يوقىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. ئايىلىم مەلىكىخانىمۇ «داشقالنىڭ خوتۇنى» دەپ زەربىگە ئۇچرىدى. ئائىلەمدىكى ئۈچ جانغا 1972 - يىل 10 - ئايغىچە 4 يىل 2 ئاي جەريانىدا ھەر ئايدا بەرگەن 24 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بىلەن قىيىنچىلىقتا جان باقتۇق. ئايالىم 15 يۈەنلىك ئايلىق ئېلىپ ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزەم ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتە ئىشلەپ، ئوڭ قول جەينىكىم ناكا بولدى. مەن مانا مۇشۇنداق ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي زەربىگە ئۇچرىغان بولساممۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، كەلگۈسىگە ئىشىنىپ ۋە ئۈمىد باغلاپ كەلدىم. شۇ چاغدىكى خاتىرە دەپتىرىمگە «مەن ھايات ۋاقتىمدا پارتىيىگە كىرەلمىسەم، ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ نامىمنى پارتىيە ئەزالىقىغا تىزىملاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يېزىپ قويۇپ، كومپارتىيىگە بولغان مەڭگۈ ئىشەنچىم، ساداقىتىم ۋە مۇھەببىتىمنى بىلدۈرگەن ئىدىم.

سولچىل لۇشەننىڭ ئوڭشىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنمۇ 1973

- يىلى ئاقلىنىپ، ئەسلىمگە كەلدىم ۋە ياشانغاندا ياشارغاندەك بولۇپ، روھىمنى ئۇرغۇتۇپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم.

1976 - يىلى چىرا ناھىيىسىدىن ئانا يۇرتۇم قۇمۇلغا ئالمىشىپ كېلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك 2- يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. 1988 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى ئۇنۋانى ئالدىم، قىسقىچە تەرجىمىھالىم «جۇڭگو مەشھۇر كىشىلىرى» لۇغىتىگە كىرگۈزۈلدى.

1986 - يىلى ھاياتىمدا ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش ئەمەلگە ئاشتى. 1989 - يىلى شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزمەكتىمەن.

2005 - يىلى قۇمۇلدا يېزىلدى.

(ئاپتور: قۇمۇل شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيىگە چىققان)



# يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ز. ئى. كازىم

يورۇڭقاش دەرياسى - مەملىكىتىمىز ئىچكى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پەسىل خاراكتېرلىك دەريا بولۇپ، يورۇڭقاش - «يورۇق قاش» تىن ئۆزگەرگەن سۆز.

يورۇڭقاش دەرياسى - ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ناملاردا «شاھ دەرياسى»، «قاشتېشى دەرياسى»، «ئاق قاشتېشى دەرياسى» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇ «ۋېينامە» دە «مۇباخې» ( 苜拔河 )، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا: «يۇخې» ( 玉河 ) دەپ ئاتالغان. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا، «قاشتېشى دەرياسى، خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ دەريا - يورۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە سۈزۈك قاشتېشى چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ يازغان.

## يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ساھىلى

يورۇڭقاش دەرياسى - جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغلىرى، يەنى

مۇزتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى
قارلىق چوققىلىرىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، 14 مىڭ 575
كۇۋادىرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلار-
دىكى تاغ چوققىلىرىنىڭ ئىگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 6350،
6744، 6872 ۋە 7282 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

ئادەم ئاياغ باسمايدىغان بۇ كەڭ دالىدىن ئېرىگەن قار ـ
مۇز (يامغۇر) سۇلىرى يىغىلىپ، «بىسلاس جىلغىسى» ۋە
چاڭچىمەن داۋىنى («چاڭچىمەن» ـ شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسىدە « 昌其满 » دەپ يېزىلغان) غا كەلگەندە، شىمالغا
قاراپ ئاقىدۇ.

يورۇڭقاش دەرياسىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن قۇيۇلغان ئېقىن
سان ـ ساناقسىز تاغ ـ داۋانلاردىكى نەچچە مىڭ چوڭ ـ كىچىك
جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدىكى تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا
كىرگەندە شەرقتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ قاراڭغۇ تاغ يېزىسىدىكى
ئومىشا، پىيشە، بۇيا كەنتلىرى بىلەن تەۋەككۇل يېزىسىنى،
لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل، يورۇڭقاش، بۇيا، جىيا قاتارلىق
يېزا ـ بازارلىرىنى، غەربتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ توساللا، ئىس-
لامئاباد يېزىلىرى بىلەن خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئارال،
ئىگەي قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، مازار تاغ
(قوشلاش) قا بارغاندا، قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ،
«خوتەن دەرياسى» نى شەكىللەندۈرىدۇ.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 513 كىلومې-
تىر (تارىم دەرياسىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئېقىن مۇساپىسىنى
قوشقاندا 800 كىلومېتىر)، خوتەن ۋە لوپ ناھىيىلىرىنىڭ
چېگرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان قىسمى 190 كىلومېتىر.
كەڭلىكى 500 مېتىردىن 1400 مېتىرغىچە بولۇپ، سىكۇنتىغا



ئېقىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 73.2 كۇپمېتىر (كەل-
كۈن مەزگىلىدە 1460 كۇپمېتىر، كۈز، قىش، ئەتىياز پەسىل-
لىرى 38.4 كۇپمېتىر)، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى
2 مىليارت 280 مىليون كۇپمېتىر.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ھەر-
قانداق دەرياغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىگى شۇكى، مەزكۇر
دەريانىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسمى تەكشىسىز (يانتۇ) بولغاچقا،
دەريا سۈيىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئۆركەشلىشى ئاجايىپ
ھەيۋەتلىك بولۇپ، يەر ـ جاھاننى زىل - زىلگە سالىدىغان
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كۈچلۈك دولقۇن ياساپ، ئىنتايىن تېز
ئاقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر بۇ دەريانى «كەلكۈن ئىلا-
ھى»، «تىزگىنسىز ئات»، «لەھەڭ ئېغىزى» دەپ تەرىپلىشى-
دۇ.

## يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشى

ھازىرقى لوپ، خوتەن ناھىيىلىرى ۋە خوتەن شەھىرىگە
قاراشلىق جايلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار، تىرىكچىلىك قى-
لىشنىڭ ئېھتىياجى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەرەققىيات ئېھ-
تىياجى ئۈچۈن، ئۈزۈلدۈرمەي جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ،
يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئۈنۈملىك پايدىلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى-
نى ياراتتى. ئۇلار كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، قۇرغاقچىلىقنىڭ
ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشى
جەريانىدا، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ،
سان ـ ساناقسىز بەدەل تۆلەش ئارقىلىق بۈگۈنكى جەمئىيەتنى
ياراتقان بولسىمۇ، «كەلكۈن ئىلاھى» دەپ ئاتالغان يورۇڭقاش

دەرياسىنىڭ بەڭۋاشلىق ھالىتىنى ئاخىرقى ھېسابتا تىزگىنلىيەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن تارىختا نۇرغۇن قېتىم يېزا ـ قىشلاقلارنى سۇ ياكى قۇم بېسىپ كېتىش، ئادەم، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە چارۋا ماللار دائىم بالا ـ قازاغا ئۇچراپ تۇرۇش ھالىتى تەكرارلىنىپ كەلگەن.

1916 ـ يىلى چوڭ كەلكۈن باش گوجان (توققۇز تارام) نىڭ ئۇدۇلىدىن خوتەن شەھىرىگە تەھدىت سېلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىش بىلەن «ئىلچى دەرياسى» دەپ ئاتالغان يېڭى ئېقىننى ھاسىل قىلغان. يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ دەريا، ھازىرقى كۈئىنلۈن باغچىسى، قۇرۇق يەل ـ يېمىش كارخانىسى، شولاق، ئىگەچى قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى ھازىرقى «ئارال يېزىسى» نى پەيدا قىلىپ، «تاش كېچىك» كە بارغاندا، يەنە يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلغان. ئارىدىن 58 يىل ئۆتكەندە (1972 ـ يىلى) ئىلچى دەرياسىنىڭ باش قىسمى سېمونت بىلەن ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، بۇ جايلار قايتىدىن تېرىمغا كىرگۈزۈلگەن.

خوتەن شەھىرى بىلەن شەرقتىكى ناھىيىلەر ئارىلىقىدىكى قاتناشتا يورۇڭقاش دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىغانلىقتىن بۇرۇن كىشىلەر ئىپتىدائىي شەكىلدە ياسالغان «سال» بىلەن ئۆتۈشكە باشلىغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە «كېمە» بىلەن قاتنىغان (شۇ زامانلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە دەرياغا سېلىنغان كېمىنىڭ قالدۇقى ئازاتلىقتا قەدەر ھازىرقى لوپ ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتىنىڭ ئورنىدىكى «كېمىخانا» دا بار ئىدى). 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئارال يېزىسىدىكى قادىر ھاجىم دېگەن كىشى يورۇڭقاش دەرياسىغا تۇنجى قېتىم تۇلۇم



سالغان.

تۇلۇم دەسلەپتە غەربتە، ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايىغى، شەرقتە ھازىرقى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن سۇغا چۈشۈرۈلگەن. ئارىدىن 80 يىل ئۆتكەندە، تۇلۇم سېلىش ئورنى يۇقىرىغا يۆتكىلىپ، غەربتە ھازىرقى موچاڭ، شەرقتە ھازىرقى ناغرىچى كەنتى يار كوچا ئېغىزىدىن سېلىنغان. ھەربىر جازىغا قوي، ئۆچكە تېرىسى تۇلۇمىدىن 36 سى ياكى كالا، قوتاز تېرىسى تۇلۇمىدىن 16 سى باغلىنىپ، بىر كىشىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا 4 كىشى كۆيگەك سالاتتى. ھەر قېتىمدا 12 دىن 20 گىچە يولۇچى سېلىنىپ، ھەربىر يولۇچىدىن كىرا ھەققى ئۈچۈن بىر جىڭ گۆش ياكى بىر چارەك قوناقنىڭ پۇلى ئېلىناتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە دەرياغا سېلىنىدىغان تۇلۇمنىڭ سانى كۆپىيىپ، غەربتىن مەتتوختى ئاخۇن تاشتۆمۈر ئاخۇن، ساۋۇت ئاخۇن قاتارلىقلار، شەرقتىن تۇردى غوجا غاز، روزى ئاخۇن ئۆپكە، ئەسەدۇللا ئاخۇن، تۇرۇپ ھاجىم قاتارلىقلار تۇلۇمچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەنە شۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئارال يېزىسى، شەرقىدىكى يار كوچا ئېغىزىدا ھەر يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايدا «كەلكۈن مەشرىپى» ئويناش داۋاملىشىپ، «چىڭ يۈەنچىڭ (چىڭ دارىن) خوتەنگە ئامبال بولغان 1914 ـ يىلىدىن 1921ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە، يۇقىرى پەللىگە چىققان. بۇ ئىككى جايغا قەشقەر، يەكەندىن تارتىپ چەرچەن، چاقىلىققىچە بولغان ئارىلىقتىن كەلگەن نەچچە مىڭ كىشى، تىجارەتچى، ھۆپىگەرلەر بىلەن ئەلنەغمىچىلەر تىكىلگەن چېدىر ـ بارىگاھ ۋە بورا كەپىلەر ئەتراپىغا يىغىلىپ،

سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتە نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇسۇل ئوينايدىغان، چېلىشىدىغان، دارغا چىقىدىغان، قوچقار، خوراز سوقۇشتۇرىدىغان، مەدداھلار «ۋائىزلىق» قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن.

بۇ جەرياندا «لەھەڭ ئېغىزى» دەپ ئاتالغان يورۇڭقاش دەرياسىدا نۇرغۇن كىشىلەر كەلكۈندە ئېقىپ كېتىپ، جېنىدىن ئايرىلىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1938 ـ يىلى يورۇڭقاش دەرياسىغا ئۇزۇنلىقى 247 مېتىر، كەڭلىكى 11 مېتىر (ھەربىر ئارا 10.5 مېتىر كېلىدىغان 22 سۇڭگۈچلۈك) ياغاچ كۆۋرۈك ياساتقان بولسىمۇ، كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغانلىقتىن، كەلكۈننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن. 1945 ـ ۋە 1947 ـ يىللىرى ياسالغانلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن 2 ـ ۋە 3 ـ قېتىم ۋەيران بولغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى قايتا ياسالغان كۆۋرۈكنىڭ 100 مېتىرچە ئارىلىقىنى 1956 ـ يىلىقى چوڭ كەلكۈن 4 ـ قېتىم ئېقىتىپ كەتكەن.

كونا جەمئىيەتتە، خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىدىكى دېھقانلار يورۇڭقاش دەرياسىغا ھەر يىلى كۆۋرۈك ياساشنىڭ ھاشار ـ مەدىكارچىلىقىدا، قىشنى يازغا، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ھالسىراپ ئىشلىگەننىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي جەھەتتە سان ـ ساناقسىز ئالۋان تۆلەشكە مەجبۇر بولسىمۇ، ئاز ساندىكى مۇشتۇمزور بەگلەر بىلەن زومىگەر پومېشچىكلەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، ئۆزلىرىگە بايلىق توپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.



كۆۋرۈكتىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا، كىشىلەر «شاخاب»[1] ئارىلاپ سۇ كېچىپ ئۆتكەندىن تاشقىرى، كەلكۈن مەزگىللىرىدە دەرياغا قايتىدىن تۇلۇم سېلىنغان ياكى كەلكۈندە ئېقىپ كەتكەن سۇڭگۈچ ئارىلىقىغا «ئاسما كۆۋرۈك» سالغان. خەلق ئۇنى ۋاقتىدا «لىڭ لىڭ كۆۋرۈك» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

## يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يېڭى قىياپىتى

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «كەلكۈن ئىلاھى» غا ئوخشىتىلغان يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ قىياپىتى ئازادلىقتىن كېيىن يىلدىن ـ يىلغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

پارتىيە ـ خەلق ھۆكۈمىتىمىز قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، 1958 ـ يىلى قىشتىن 1959 ـ يىلى كۈز پەسلىگە قەدەر يورۇڭقاش دەرياسىغا 13 سۇڭگۈچنى سېمونت بىلەن ياسىتىپ، ياغاچتىن ۋاقىتلىق كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، 1965 ـ يىلغا كەلگەندە، ئۇزۇنلىقى 304.40 مېتىر، كەڭلىكى 8.50 مېتىر (ساپ كەڭلىگى 7 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولى 75 سانتىمېتىردىن بىر يېرىم مېتىر) كېلىدىغان زامانىۋى سېمونت كۆۋرۈكنى شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتتۈرۈپ، يورۇڭقاش دەرياسىدا چىداملىق كۆۋرۈك بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى يەنىلا

[1] «شاخاب» ـ دەريا ئېقىنىدىكى پارچىلىنىپ ئاققان سۇ بۆلەكلىرى.

ئىپتىدائىي شەكىلدە ئىدى.

دەريا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىزلىيا ۋە ئۇنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىدا قارا يانتاق، سامپول، دول، هاڭگى، كونىزدىيا، بويا، جىيا، توساللا، ئىگەچى، تەۋەككۇل ۋە ئىسلام ئابات ئېغىزى قاتارلىق 12 ئورۇندىكى سۇ باشلاش «ئېلىش بېشى»[①] نىڭ هەممىسى تاش، قۇم - شېغىل ياكى توپا - چىم بىلەن تىزگىنلەنگەچكە، هەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئىشكۈنى ۋە نەچچە يۈز مىڭ يۈەننى چىقىم قىلىپ، دەريانى بوغۇشقا ياكى ئېلىش بېشى ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەجدادلىرىمىزدىن ئەۋلادلىرىغىچە ئېلىش بېشىدىكى «قۇم تاغ»[②]قا ئىشلەش بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان دېھقان - چارۋىچىلار يەنە داۋاملىق «كەلكۈن بالاسى» ۋە «قۇرغاقچىلىق ئاپىتى» گە ئۇچراپ، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز ئېغىر زىيانلارنى تارتىشقا مەجبۇر بولاتتى.

دېھقان - چارۋىچىلارنى تەبىئەت زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆز ئىزىغا سېلىپ، خەلقنى خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە - هۆكۈمەت 48 يىلدىن بۇيان، يورۇڭقاش دەرياسىنى تىزگىنلەشكە قەتئىي ئىرادە باغلاپ، كەڭ كۆلەملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى.

ئازادلىقتىن بۇيان، هەر يىلى بىر پارچە، بىر پارچىدىن تۇتۇش قىلىپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا بىتون دامبا ياساپ، سۇنىڭ ئېقىنىنى تىزگىنلىگەندىن باشقا، دەريا چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىن 23 كىلومېتىر كېلىدىغان غول

① «ئېلىش بېشى» - دەريادىن سۇتەخسىم قىلىنىدىغان جاي - باش توغان.
② «قۇم تۇغ» - دەريانىڭ سۈيىنى يەرلىك ئۇسۇلدا باغلىۋالىدىغان توسما



ئېقىن ئورنىغا 18 مىليون 700 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە 1 مىليون 800 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، هەربىر ئارانىڭ كەڭلىكى 10 مېتىردىن كېلىدىغان، ئىككى قەۋەتلىك، ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدىغان، كەلكۈن ئۆتكۈزۈش زاكوسىدىن 6 نى، سۇ باشلاش زاكوسىدىن 3 نى پۈتكۈزۈپ، زامانىۋى «ئېلىش بېشى» بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بەڭۋاش هالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن، بىرىنچىدىن، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ «قۇم تۇغ» قا هەريىلى بىر قانچە قېتىم ئىشلەش كۈچى ئازاد قىلىندى. ئىككىنچىدىن، دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، كەلكۈن بالاسى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە غەربى ساھىلىدە قارا كۆل، بوغرا قۇم، گازۇن، هالال باغ، ئىسلامئابات، شەرق قىزاردى ۋە خالتا بۇلۇڭ قاتارلىق 7 سۇ ئامبىرىنى ياساپ، هەر يىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 67 مىليون 650 مىڭ كۇپمېتىر سۇ قاچىلىۋېلىش ئارقىلىق هەر قايسى يېزا - بازار، مەيدانلارنى زاپاس سۇ كۈچى بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

سۇ ئامبارلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن خوتەن دىيارىدا بېلىقچىلىق ئىشلىرىمۇ ئۇچقاندەك يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، بېلىقنى سىرتتىن يۆتكەش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

يورۇڭقاش دەرياسىدىن سۇ ئىچىدىغان 30 يېزا - بازار (دېھقانچىلىق مەيدان) تەۋەلىكىدە «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولغان سۇ قۇرۇلۇش ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىدىن (1996 - يىلى يىل ئاخىرىغا قەدەر) 643.84 كىلومېتىر ئوق ئۆستەڭ، 573.30 كىلومېتىر تارماق ئۆستەڭ، 1773.77 كىلومېتىر ئوق ئېرىق،

3007.18 كىلومېتىر سۇغۇرۇش ئېرىقلىرىنى يېڭىدىن ئېلىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5998.18 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە تاش تىزىپ (بىر قىسمىغا سولياۋ ياتقۇزغاندىن كېيىن تاش تېزىپ) ياكى سېمونت تاختايلارنى ياتقۇزۇپ، چوڭ - كىچىك سېمونت زاكو (كۆۋرۈك) لىرىدىن 25 مىڭ 729 نى ياساپ يۇرۇشلەشتۇرۇش بىلەن، بىرىنچىدىن، سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ تېجەشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، سۇ بايلىقىنى كۆپەيتىش، يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىشەنچلىك ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

قەدىمدىن بۇيان «سۇ خەلقنىڭ جېنى، يەرنىڭ قېنى» دېگەن تەمسىل بار. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى سۇدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، قانغۇچە ھوزۇرلىنىدىغان يېڭى دەۋر باشلاندى. 48 يىلدىن بۇيان يورۇڭقاش دەريا ساھىلىدىكى كۆكلەم كۆلىمى 1 مىليون 813 مىڭ موغا يەتكۈزۈلۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلۈمى 751 مىڭ 79 موغا يەتتى. ئاشلىق، پاختا، پىلە مەھسۇلاتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە سېلىشتۇرغاندا 5.34، 6.2 ۋە 69.4 ھەسسە ئاشقاندىن تاشقىرى مايلىق دان، يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تەبىئىي، سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 234 مىڭ 415 موغا



يېتىپ، كەڭ كۆلەمدە بوستانلاشتۇرۇلغان ياپ - يېشىل ئورمان كارىدورلىرى، قۇرغاق قۇملۇقنى ئۆزگەرتىشتىكى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ ئاساسى يارىتىلدى.

تەبىئىي، سۈنئىي ئوتلاق كۆلىمى 827 مىڭ 506 موغا يېتىپ، يايلاق ۋە تۇزلەڭلىكتە بېقىلىدىغان چارۋا مال سانى يىلمۇيىل مۇقىم ئېشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

يورۇڭقاش دەرياسى يەنە ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلىپ، باش زاكو، سامپول، چاھار باغ، قارا قىيى، ناۋا، قىڭقاش، توساللا قاتارلىق جايلاردىكى 9 ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب 9 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەشكە ئاساس يارىتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا.

يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ «ئوڭۈز ئېغىزى»[1] ۋە ھەرقايسى جىلغىلىرىدىن چىقىدىغان كېپەك ئالتۇنلىرىدىن باشقا، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 كىلوگرامدىن 500 كىلوگرامغىچە چىقىدىغان ئالىي دەرىجىلىك «ئاق قاشتېشى» ۋە 1000 كىلوگرامدىن 1500 كىلوگرامغىچە چىقىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەرخىل رەڭدىكى قاشتاشلىرى قەدىمدىن - ھازىرغىچە ئالەمشۇمۇل ئەۋزەللىكىنى نامايەندە قىلىپ، خوتەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرمەكتە.

يورۇڭقاش دەرياسى يەنە خوتەننىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى، شەھەر - بازار مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلىرىنى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن نەچچە 10 مىڭ كۇپمېتىر تاش، قۇم - شېغىل بىلەن تەمىنلەپ،

① «ئوڭۈز ئېغىزى» - خوتەننىڭ جەنۇبىدا، پىيادە 7 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئېقىن ئورنىنىڭ نامى.

سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى هالـ
لىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش قەدىمىمىزنى تېزلىتىشكە تېگىشلىك
هەسسە قوشماقتا.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىـ
كىدىن پېنسىيىگە چىققان)



# غۇلجا تېببىي مەكتەپىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئە. سەئىدى

1944 ـ يىلى غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارـ
شى ئىنقىلاب پارتلىدى. ئۇرۇشتا يارىلانغان جەڭچىلەرنى داۋاـ
لاش ۋە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تېببىي هەمشىرىلەرگە ئېهتىياج تۇـ
غۇلۇپ، بىر ئايلىق كۇرس ئېچىلىپ سىستېرالار تەربىيىلىـ
نىپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشقا قاتناشتۇرۇلغان. جەڭ مەيدانلىـ
رى كېڭەيگەنسېرى سانىتاركىلارغا بولغان ئېهتىياج تېخىمۇ
ئاشقاچقا، سىستېرا ـ سانىتاركىلارنى تەربىيىلەيدىغان كۇرس
6 ئايلىق، بىر يىللىقتىن بولۇپ داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرغان ۋە
تەربىيىلىنىپ چىققان سىستېرالار ئۇدۇللۇق قىسىملارغا تەقسىم
قىلىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنى تەربىيىلەشتە دوختۇر نېغمەت
ئىنهامجانوپ (ئۆزبېك، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋراچ)
يېتەكچىلىك قىلىپ بىر قىسىم هەمشىرىلەرنى ئۆزى ئىشلەۋاتـ
قان مىللىي ئارمىيىنىڭ هەربىي دوختۇرخانىسىدا ئىشلەتكەن
ئىكەن. 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە دوختۇر كەمچىل بولۇش
مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي
خادىملارنى تەربىيىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، بىر فېلشىرلىق
سىنىپى ئېچىلغان ئىكەن. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىـ
كى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى هاكىم جاپپاروۋىچ ياروللايوف
ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىگە تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلاـ

يەت ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن غۇلجىدا بىر فېلشىر ــ
ئاكوشىرلىق سىنىپى ئېچىلغان. دەسلەپ بۇ بىر كۇرس شەكلى-
دە ئېچىلغان بولۇپ ھاكىم جاپپاروۋىچ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ،
غۇلجىدا بار بولغان دوختۇر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، بۇ
كۇرسنى باشقۇرغان. بۇنىڭغا دوختۇر نېغمەت، دوختۇر شامىل،
دوختۇر شەپقەت (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋىراچلار)، يا-
قۇپ بەگ (ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازى-
رى)، ئوسمان زىيا (سىياسەت دەرس ئوقۇتقۇچىسى)، داۋۇت
تۇرەخمەتوف (تىل ــ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)، مالىك ئەپەندى
(فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى)، خەمىت ۋەكىلى (ماتېماتىكا ئوقۇتقۇ-
چىسى) قاتارلىق زىيالىيلار قاتناشتۇرۇلغان، يەنە بىر قىسىم
دەرسلەرنى رۇس دوختۇرلار تەرجىمان ئارقىلىق ئۆتكەن ئىكەن.
شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ تەلىپى بىلەن دىن دەرسىمۇ تەسىس
قىلىنىپ، ئۇنى مۇختار خەلپىتىم ئۆتكەن ئىكەن. بۇ كۇرسنىڭ
ئورنى سوۋېت قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىنىڭ (ھازىرقى
ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسى) ئىچىدە بولۇپ، يېرىم
كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇتۇش يولىغا قويۇلغان. بۇ كۇرس
ئىككى يىل ئوقۇپ بولغاندا يەنى 1948 ــ يىلىغا كەلگەندە
ئىككىنچى قارارغا تۆت سىنىپ قوبۇل قىلىنغان. بۇلار بىر
ئوغۇللار فېلشىرلىق سىنىپى، بىر قىزلار فېلشىر ــ ئاكوشېر-
لىق سىنىپى، بىر رۇس تىلىدا ئوقۇيدىغان فېلشىر ــ ئاكوشېر-
لىق سىنىپى ۋە يەنە بىر يىللىق دورىگەرلىك سىنىپى بولۇپ، بۇ
كۇرس ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي مەكتەپ
قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپ قۇرۇلغان ۋاقىتنى بىرىنچى
قارار فېلشىر ــ ئاكوشېرلىق سىنىپ قوبۇل قىلىنغان ۋاقىت
1946 ــ يىلى قىلىپ بېكىتكەن. 1949 ــ يىلى يەنە بىر
فېلشېرلىق سىنىپ قوبۇل قىلىنغان. 1950 ــ يىلى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى شىئەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى



پۈتتۈرگەن ئۈچ نەپەر خەنزۇ ۋراچنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا
ئەۋەتكەندىن كېيىن بىر خەنزۇ سىنىپ قوبۇل قىلىنغان. 1949
ــ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىرىنچى قارار فېلشىرلىق سىنىپ
ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلگەن دىپلومغا ئۈچ يىل جەريانىدا ئۆتۈلگەن
پۈتۈن دەرسلەرنىڭ نەتىجىسى چۈشۈرۈلگەن ۋە 1946 ــ يىلى
مەكتەپكە كىرىپ 1949 ــ يىلى ئوقۇش تاماملىدى، دېگەن سۆز
يېزىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى ھاكىم جاپپاروۋىچ ياروللايوف، دې-
گەن ئىمزا قويۇلغان.
1949 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1950 ــ يىلىنىڭ باشلىرىغى-
چە بورتالا ئەتراپىدا ياۋا چېچەك تارقالغاندا ئىككىنچى قارار
ئوقۇغۇچىلىرى ئىلى رايونىدىن جىڭ ناھىيىسىگىچە ياۋا چېچەك-
كە قارشى ئەملەش ۋە داۋالاش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان بو-
لۇپ، ئۇلار ۋەزىپىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە غۇلجا شەھىرى-
دىكى ئۇ. قا. ق. (ئۇيغۇر ــ قازاق ــ قىرغىز ئۇيۇشمىسى
كۇلۇبى) كۇلۇبىدا يىغىن ئېچىلىپ قاتتىق سوغۇقتا دالىدا يول
يۈرۈپ جاپا چېكىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە
ئالاھىدە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، تېببىي مەكتەپكە ئالتۇن مېدال
بېرىلگەن. بۇ مېدالنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ھاكىم بەگ
خوجا يېشىل رەڭلىك چۆرىسىدە سېرىق چۇچىسى بار مەكتەپ
بايرىقىغا قاداپ قويۇپ، بۇلارنى تەربىيىلىگەن ھاكىم جاپپارو-
ۋىچقا ئالاھىدە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ «ئۆزى بىر ھاكىم جاپپارو-
ۋىچ ئىدى، ھازىر ئەللىك ھاكىم جاپپاروۋىچنى بارلىققا كەلتۈر-
دى» دېگەن.
1950 ــ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
تەستىقلىشى بىلەن ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى بىۋاسىتە باش-
قۇرىدىغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك غۇلجا تېببىي مەكتەپ» قىلىپ
ئۆلكە ئۆتكۈزۈپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ
تېببىي فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بۇ مەكتەپكە ئەۋەتىپ

بەرگەن (بۇرۇن شىنجاڭدا بۇنداق تىببىي مەكتەپ يوق ئىدى، شىڭ شىسەي زامانىدا ئۇرۇمچىدە بىر ئاكوشېرلىق سىنىپ ئېچىلىپ ئابدۇروپ دوختۇر مەسئۇل بولۇپ ئوقۇتقان ئىكەن).
1951 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئىككى مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، غۇلجىدا ياتاق ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەپ، مەكتەپ بىناسى پۈتكىچە دەرسنى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى بىلىم يۇرتىدا چۈشتىن كېيىن ئۆتەتتى. 1949 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تۇرغاچقا مەكتەپنىڭ كۆلىمى يىلدىن يىلغا زورايغان. 1948 - يىلى قوبۇل قىلىنغان فېلشىر - ئاكوشېرلىق سىنىپ 1951 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە ئالتە ئايلىق ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۆگىنىشىگە قاتناشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تىببىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغاندىن باشقا كۆپ قىسمىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە تەقسىم قىلىنىۋەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھىيە دوختۇرخانىلىرىنىڭ باشلىقى، ناھىيە سەھىيە بۆلۈم باشلىقى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرىدا ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلام تىببىي داۋالاش مۇئەسسەسەلىرىگە ئاساس سالغان.

1952 - يىلى ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىش سەۋەبلىك مەكتەپ ئۇرۇمچىگە كۆچۇرۇلۇپ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇرۇمچى تىببىي مەكتىپى» قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار قايتۇرۇپ كېلىنگەن ھەمدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاممىسىغا ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، باشقىچە كۆز قاراشتا بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا 1946 - يىلى 50 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە 17 نەپىرى مىللىي



ئارمىيىدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەنلەر ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنى ھاكىم جاپپاروۋىچ باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ سىناپ قوبۇل قىلغان. 1948 - يىلى ئوقۇغۇچىلارنى تاللاشتا ئاشۇ گۇرۇپپا ھەيۋەتلىك زىننەتلەنگەن، ئۇستەل ئۈستىگە گۈل قويۇلغان بىر ئۆيدە ئوقۇغۇچىلارنى بىردىن كىرگۈزۈپ، ئوقۇش تارىخى، شاھادەتنامىلىرىنى كۆرگەندىن باشقا ئائىلە ئەھۋاللىرىنى سوراپ ئوقۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانلارنى قوبۇل قىلغان. شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان بىر ئوقۇغۇچى مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتكۈچلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن «مېنىڭ ئائىلەمدە يەتتە جان بار. ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن مەن ئائىلە باشلىقى، چۈشتىن بۇرۇن بازاردا ئىشلەپ، چۈشتىن كېيىن ئوقۇيمەن» دېگەندە شۇ گۇرۇپپىدىكى بىرسى «ئائىلە باشلىقى دەيسىز، ئوقۇپ كېتەلەرسىزمۇ؟» دەپ تازا ئىشەنچ قىلالماي قەغەزلىرىنى ھاكىم جاپپاروۋىچنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ شۇ كىشىنىڭ تەستىقىنى كۈتكەندە، ھاكىم جاپپاروۋىچ ئۆزى «ئوقۇپ كېتەلەمسىز؟» دەپ سورىغان ھەمدە ئۇ ئوقۇغۇچىدىن «ئوقۇپ كېتەلەيمەن» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىش تەستىقىنى سالغان. ئۇ يۈسۈپ ئىسھاق دېگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان، تاكى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئىشلەپ كەلگەن.

مەكتەپ ئۇرۇمچىگە كۆچۇرۇلۇپ بارغاندىن كېيىن دەرھال بىر قەۋەتلىك كېسەك ئۆيلەرنى، سىنىپلارنى سېلىپ، مەكتەپنى چوڭ مەكتەپكە ئايلاندۇرغان، ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن فېلشىر، سېستىرا، ئاكوشېر قاتارلىق تۈرلەردە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.

ئىمتىھان ئېلىشتا مىللىي سىنىپلاردا «5» نومۇر قويۇش

ئۇسسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، خەنزۇ سىنىپلىرىدا «100»
لىك نومۇر ئىشلىتەتتى. كېيىن ھەممىگە «100» لىك نومۇر
قوللىنىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتى-
ھانى دۆلەت ئىمتىھانى دېيىلىپ 1957- يىلىغا قەدەر ناھايىتى
داغدۇغا بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مائارىپ
نازارىتى ۋە سەھىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ قىلىنىپ
ئىككى، ئۈچ كۈن ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىنغان. 1958 -
يىلدىن باشلاپ ھەممىسى قەغەزچە ئېلىنىدىغان بولدى. ئۈرۈمچى
تېببىي مەكتەپ 1956 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى
يېنىغا كۆچۈپ چىقىپ، تەربىيىلەش تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ،
لابورانت ۋە دورىگەرلىك سىنىپلىرىنى ئاچقان، ھۆكۈمەت كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
سەھىيە باشقارمىسى مائارىپ - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى
جاڭ جايىڭنى مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ
تاشكەنت تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ۋراچ ئىدى. ئۇ
مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتۇش
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار
قوشۇنىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق پېداگوكى ماكارىنكوف ھەققىدە يېزىلغان
ماتېرىياللارنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان كەسپىي
ئۆگىنىشتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلغان ھەم-
دە تېببىي ساھەدە پاۋلوفنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پائالىيەت-
لىرىنى ئېلىپ بارغان. 1953 - يىلى ئەخەت رەشىدوف (مىل-
لىي ئارمىيە قەشقەردە تۇرۇشلۇق 13 - دىۋىزىيە سەھىيە بۆلۈ-
مىنىڭ باشلىقى) مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. رەشىدوفمۇ كەسپىي
ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە كۈچ چىقارغان ۋە ئۆزىمۇ بىر قېتىملىق ئۆگىنىشتە
لېكسىيە سۆزلىگەن ئىدى. 1954 - يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى-



غا كەتكەن. ئۆلكىلىك پارتىيە شۆبە بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمى
لەنجۇ تېببىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى گوسۇچېڭنى (ئايال) مەك-
تەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. مەكتەپ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن
كېيىن ھۆكۈمەتتىن كۆپلەپ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قوللاشلارغا
ئېرىشكەن، ھۆكۈمەت ھەر يىلى نۇرغۇن ئوقۇتۇش ماتېرىياللى-
رى، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى ۋە دورىلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى.
1961 - يىلى ئۈرۈمچىدە تارقاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم
رايوننىڭ پىلانلىشى بىلەن بىر قانچە كەسپىي مەكتەپلەر يەنى
ھاۋا رايى مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قاتارلىقلار بىلەن
بىللە ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپمۇ غۇلجىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن،
مەكتەپنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى قەشقەر
تېببىي مەكتىپىگە ئەۋەتىپ بەرگەن، باشقا جۇڭگوچە تېبابەت
سىنىپى بىلەن دورىگەرلىك سىنىپى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇلۇپ،
جۇڭگوچە تېبابەتچىلىك مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان. قالغان كە-
سىپتىكى سىنىپلارنى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەندە جاڭ جايىڭ
مەكتەپ مۇدىرى، قادىر ھەسەن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. مەكتەپ
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غۇلجا تېببىي مەكتەپ»
دەپ ئاتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى بىۋاستە
باشقۇرغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىق يىل-
لىرىدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى سەھىيە باشقارمىسى باش-
قۇرغان.
1971 - يىلى «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قى-
لىش» دېگەن يولىيورۇقنىڭ روھى بويىچە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، بىر خەنزۇ سىنىپ ۋە بىر مىللىي
سىنىپ قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ مىللىي ئوقۇغۇچى-
لارغا بىر يىل تەييارلىق سىنىپىدا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىلىپ،
كەسپىي دەرسلەرنى خەنزۇچە ئۆتۈشكە كۆچكەن. شۇنىڭدىن باش-
لاپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قايتا سەپلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ

يىلدىن - يىلغا كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىپ قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بۇ مەكتەپ قايتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1980 - يىللىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە مەخسۇس كۇرس ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنى ئېچىشنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، ئالىي تېخنىكوم مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىدىن توققۇز قاراردا ئون نەچچە سىنىپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقاردى. ھازىرمۇ ئالىي سىستېرالىق سىنىپلىرى بار ھەمدە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىخەنزە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىدۇ.

ھازىر بۇ مەكتەپتە 223 نەپەر ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بولۇپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.

ھازىر بۇ مەكتەپ قوينىدا 4080 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئالىي تېخنىكوم مەخسۇس كۇرس، ئالىي سېستىرالىق كەسپى، ناركوز كەسپى، زامانىۋى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئورنىدا ئىشلەيدىغان تېخنىكلار سىنىپى، ئاكوشېر ۋە پىلانلىق تۇغۇت كەسپى قاتارلىق كەسپلەر بويىچە تەربىيىلىنىۋاتىدۇ.

تەجرىبىخانىلاردا ئەنئەنىۋى تەجرىبە سايمانلىرى ئاساسەن ئىشلىتىشتىن قالغان بولۇپ، ھازىر تەجرىبىخانىلاردا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن. بۇ مەكتەپكە سەھىيە مىنىستىرلىكى «مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مەكتەپ» دېگەن ۋېۋىسكىنى ئەۋەتىپ بەردى.

(ئاپتور: ئىلى تېببىي مەكتەپتىن پېنسىيىگە چىققان)



# چۆلگە ئاققان شەربەت سۇ

## يۇسۇپجان ئەيسا

شىجائەت باش بولسا، مىڭ يولمۇ ھەۋەس؛
ھورۇنلۇق باش بولسا، بىر چامداشمۇ تەس.

خەلقىمىز ئىچىدە ئاجايىپ ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆتكەن. ئۇلار ئەزىز تۇپرىقىدا خەلقىگە تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىق يارىتىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسىدا 1889 - يىلى تۇغۇلغان سىدىق ھاجىم ئەنە شۇنداق ئوغلانلارنىڭ بىرى.

سىدىق توققۇز ياشقا كىرمەستە دادىسىدىن، 11 ياشقا كىرمەستە ئاپىسىدىن ئايرىلىپ ئىنىسى زايىپ بىلەن يېتىمچىلىكتە ئۆتتى. ئۇ يازلىقى بايلارنىڭ قولىدا مالاي بولۇپ ئىشلىسە، قىشلىقى تۆمۈرچىگە شاگىرت بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بىر قانچە يىل ئىچىدىلا تۆمۈرچىلىكنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋېلىپ، مەھەللىدىكى ئۇستا تۆمۈرچىلەردىن بولۇپ قالدى.

ھۈنەر ھەر قانداق ئىنساننى خار قىلمايدۇ. سىدىق ئەنە شۇ ھۈنىرى بىلەن ھال - ئوقىتىنى ياخشىلاپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىۋالدى. نە - نەلەردىن قىران يىگىتلەر كېلىپ ئۇنىڭ گۈلدەك ھۈنىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. سىدىق ئەسلىدە قول ئاستىدىكى شاگىرتلىرىنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرسە بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ كاللىسىدىن

غەم يەنىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. ئۇنىڭ غېمى زادى نېمە؟ مۇنۇ
ئىگە - چاقىسىز شاگىرتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىـ
مۇ؟ ياق! ئۇ بۇ ئىشلارنى ئاللىبۇرۇن ئويلاپ، ئۆز نۆۋىتىدە
ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياقۇپ، ئابـ
دۇقېيىيۇم، ئېلاخۇن، روزاخۇن، تاھىر قاتارلىق يېتىم بالىلارـ
نى ھەق ئالماي ھۈنەر ئۆگىتىپ، دۇكىنىنى ئايرىپ بەردى.
ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆيلۈك - ئوچاقـ
لىقمۇ قىلىپ قويدى. لېكىن مەھەللىدىكى، ناھىيىدىكى ھەتتا
ئىلى رايونىدىكى يېتىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنداق قىلالمايدۇ -
دە. ئۇنىڭ بىردىنبىر غېمى جاغىستاي يېزىسىدىكى 90 پىرسەنتـ
تىن ئارتۇق خەلقنىڭ سۇ قىس بولۇش تۈپەيلىدىن يەر تېرىيالـ
ماي نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتىن
ئىبارەت ئىدى. چۈنكى يېزىنىڭ يەر كۆلىمى شۇنچە كەڭ بولسىـ
مۇ، شۇۋاقىتتىكى ئۆستەڭ سۈيى يەر ئىگىلىرىنىڭ پايدىلىنىـ
شىدىن ئاشمايتتى.

جاغىستاي يېزىسىدا كەڭلىكى 800 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى
30 مېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر ساي بولۇپ، دېلمۇك تېغىدىن
كەلگەن سۇ قىش - ياز ئۇزۇلمەي ئاقاتتى. چوڭ ئۆستەڭ مۇشۇ
سايدىن قاپتال ياقىلىتىپ چېپىپ چىقىلغانلىقتىن، ھەر يىلى
ئەتىياز پەسلىدە كەلكۈن كېلىپ، ئۆستەڭنى ئىككى - ئۈچ
نۆۋەت يار ئېلىپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەرنىڭ ئاختاما
سۈيى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى سۇلىرى قويۇلماي قالاتتى. . .
سىدىقنىڭ غېمى دەل شۇ ئەسىرلەردىن بېرى سايدا بىكار ئېقىـ
ۋاتقان سۇنى بوز يەرلەرگە باشلاش ئىمكانلىكىنى ئۇققان خەلق
ئۇنى قوللىدى. سىدىق ئۇستام يېزىدىكى بىر قانچە يەر ئىگىلىـ
رىدىن ئاشلىق قەرز ئېلىپ، بالا - چاقىسى، شاگىرتلىرى ۋە
ياللىغان بىر قىسىم ئەمگەكچىلىرى بىلەن 1931 - يىلى ئۆسـ
تەڭ قۇرۇلۇشى پىلانىنى باشلىدى. قايتا - قايتا يەر تۈزۈلىشىـ



نى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆستەڭ ئورنىنى ئىسكەندەر ھاجىنىڭ
چۆپ چېپىش مەيدانىدىن باشلاشنى مۇقىملىدى. ئۇلار تاكى
1932 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغىچە كېچە - كۈندۈز جاپالىق
ئىشلەپ، 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭى بىر ئۆستەڭ چېپىپ
چىقتى. سىدىق ئۇستام بۇ ئۆستەڭگە «يان ئۆستەڭ» دەپ نام
بەرگەندە، خەلق بۇنى قوبۇل قىلماي «سىدىق ئۇستام ئۆستىڭى»
دەپ ئاتاشتى. يېڭى چېپىلغان بۇ ئۆستەڭ كونا ئۆستەڭدىن تۆت
كىلومېتىر تۆۋەن چېپىلغاچقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئەسلىدىكىـ
دىن تۆت ھەسسە كېڭەيدى. يەرنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم
ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن خېـ
لى بىرقىسىم دېھقانلار بوز يەر ئېچىپ، ئاز - تولىدىن بولسىمۇ
يەر - سۇغا ئىگە بولدى. يېزا بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېـ
شىپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭـ
دىن ئىلھاملانغان سىدىق ئۇستام چوڭ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسىدـ
كى كەڭ مۇنبەت يەرگە سۇ چىقىرىش قارارىغا كېلىپ، بالا -
چاقا ۋە شاگىرتلىرى بىلەن 1934 - يىلى يەتتە كىلومېتىر
ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتى. يېزا خەلقى بۇنىڭغا «چوڭ قارىم
ئۆستىڭى» دەپ نام بەردى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن 5000
مودىن كۆپرەك يەر يېڭىدىن ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىندى.

سىدىق ئۇستام 1937 - يىلى ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ
كەلدى. بېسىپ ئۆتكەن دۆلەتلىرىدە باشقا نەرسىگە سەپسالماي،
سۇ قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەندى. قايتىشىدا مەخـ
سۇس سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەش ئەسۋابىدىن
بىرنى ئالغاچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ تىنچ ياتماي،
ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ 1946 -
يىلى چوڭ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى چوڭ قارىم ئۆستىڭىنىڭ ئاستىـ
دىن قايرىپ، ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئۆسـ
تەڭ چاپتى. خەلق بۇنى «كىچىك قارىم ئۆستىڭى» دەپ ئاتاشـ

تى. 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە، چوڭ ئۆستەڭ سۈيىدىن بۆلۈپ،
ئاقياردىن شىمالغا قارىتىپ ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
«ئاقيار ئۆستىڭى» نى چاپتى. 1948 ـ يىلى چوڭ ئۆستەڭنى
تۆت كىلومېتىر ئۇزارتىپ چېپىپ، غەربىتىكى سەدىۋاي سېيى
بىلەن ئۈچ ئوردىغا سۇ چىقاردى.

سىدىق ھاجىمنىڭ 10 نەچچە يىل ئىزچىل ئۆستەڭ قۇرۇ-
لۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشى نەتىجىسىدە جاغىستاي يېزىسىدا ئې-
رىق ـ ئۆستەڭ تورى شەكىللەندى. تېرىلغۇ يەر مەيدانىمۇ بىر
قانچە ھەسسە ئاشتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1930 ـ
يىلىدىكىدىن بەش ھەسسە ئېشىپ، جاغىستاي ئىلى ۋىلايىتى
بويىچە «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ نام ئالدى.

سىدىق ھاجىم يېشى چوڭىيغان چاغدىمۇ يەنىلا ياشلىق باھا-
رىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىمىز
ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى. 1954
ـ يىلى يېزا تەرىپىدىن ئۇكۇرچىگە دېھقانچىلىق گۇرۇپپىسى
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يەردە ئۆستەڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن سى-
دىق ھاجىم بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئۆستەڭ چېپىش قارارىغا
كەلدى ۋە تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىپ، سايىنىڭ
ئىچىدىكى بىر قانچە بۇلاق سۈيىنى مۇشۇ ئۆستەڭگە باشلىدى.
بۇنىڭ بىلەن گۇرۇپپا شۇ يىلى 20 مىڭ مو يەرگە دېھقانچىلىق
قىلىپ، مول مەھسۇلات ئالدى.

سىدىق ھاجىم ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئىلى دەرياسىنىڭ
سۈيىنى چاپچال ناھىيىسىگە باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن-
دى. شۇڭا ئۇ چاپچال مازارىغا كېلىپ، بىر قانچە نۆۋەت دەريا-
نىڭ ئېقىن ئەھۋالىنى ۋە سۇ چىقىرىدىغان جايلارنىڭ يەر تۈزۈ-
لۈشىنى كۆزەتتى. بىر كۈنى ئۇ يېقىن بىر كىشىسىگە كۆڭلىدى-
كى پىلانىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى:

ـ يۈگەنسىز دەريانى بىراقلا بويسۇندۇرۇش ھەقىقەتەن



تەس، ئەمما ئىشنى بىر بالداق، بىر بالداقتىن باشلىساق،
مېنىڭچە ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ. بۇ يىل 10 كىلومېتىر ئېرىق
چېپىپ سۇنى باشلىۋالىدىغان بولساق، شۇ ئەتراپلاردا تېرىقچى-
لىق قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپ،
بىزگە قېتىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ. قېرىنداشلىرىمىز توختىماي
داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، 10 كىلومېتىر 100 كىلومېتىرغا،
ئېرىق ئۆستەڭگە ئۆزگەرمەمدۇ . . .

ھېلىقى يېقىن ئادىمى سىدىق ھاجىمغا ئاغزاكى مەدەت بەر-
دى. سىدىق ھاجىم 1961 ـ كۈزدە ئوغلى سەمەتجاننى باشلاپ،
قاراتام مەھەللىسىدىن مازارغىچە بولغان 28 كىلومېتىر ئارىلىق-
قا ھەر 50 چامدامغا بىردىن پوم دۆۋىلەپ چىقتى. ئاندىن مازار
مەھەللىسىنىڭ ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ تۇر-
لۇك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر
ئەمگەك كۈچى بىلەن يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئەترەت
بېرىش، سىدىق ھاجىم مەسئۇل بولۇپ سۇنى مەھەللىگە يەتكۈ-
زۈپ بېرىش، ئەگەر يەتكۈزۈپ بېرەلمىسە ئەمگەك كۈچىنىڭ
ئىش ھەققى بىلەن ئاشلىقنى ئۆزى تۆلەش، يەتكۈزۈپ بېرەلىسە
ئەترەت تۆلەش، كېيىنكى چاغلاردا باشقا يېزىلار ئۇزارتىپ كەت-
سە رۇخسەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى. بىراق شۇن-
چىلىك ئۇلۇغۋار پىلان قارشىلىققا ئۇچراپ بەربات بولدى. ئۇ
ھەتتا بەزىبىر مەسخىرىلەرگىمۇ ئۇچرىدى. ئۇ شۇ مەزگىلدە
ئەلەمگە چىدىماي مۇنداق قوشاق توقۇغانىكەن:

قارا تامدىن كەلگىچە،
چاپقىنىم دۇگا بولدى.
مىڭ جاپالىق پوملىرىم،
چاشقانغا ئۇۋا بولدى.

كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان توسقۇنلۇق، مەسخىرە سى-
دىق ھاجىمنىڭ غەيرىتىنى بوشىتالمىدى. 1962 ـ يىلى جا-

غىستاي يېزىسىنىڭ چارۋا مېلى كۆپىيىپ، كۆزلەك، كۆكلەم مەيدانى يېتىشمەي قالدى. سىدىق ھاجىم بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاتلىق بىر قانچە كۈن يەتتە سۇمۇل ئۈستىدىكى بوزلۇقنى تەكشۈرۈپ، بىر قانچە قورۇ مالنى باققىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۆيگە بېرىپ قەلەيدىن كىچىك ناسۇس ياسىدى. ئاندىن باللىرى بىلەن جىيەككە چۈشۈپ قۇدۇق قازدى. قۇدۇقنىڭ قېشىغا ياغاچتىن نو بېكىتىپ، سۇنى ناسۇس بىلەن تارتىپ چىقاردى. نەتىجىدە ئوتلاق مەسىلىسى ھەل بولۇپ، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

سىدىق ھاجىم يەرلىك سۇ ئىنژېنېرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەينى زاماندىكى جاپاكەش، ئىپتىدائىي گېئولوگ ئىدى. تارىختىن بېرى جاغىستاي يېزىسىدا كۆمۈر يوق ئىدى. يېزا خەلقى تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىپ قالايتتى. سىدىق ئۇستام بۇ ھالەتكە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق مېڭىپ، ئالمائاتا كۆمۈر كېنى، گاڭگۇل، لەنتەيزە، پىلچى كانلىرىنىڭ يەر قاتلىمى، تۇپراق تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئارقىدىن ئۇ جايلارنى ئۆز يېزىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مەرۇپ ئاخۇننىڭ بۇلىقىنىڭ قاپتىلىدىن كۆمۈر چىقىدىغانلىقىنى تولۇق مۆئەييەنلەشتۈردى. 1947 - يىلى ھاككاش دېگەن ئادەم بىلەن بىرلىشىپ خاڭ كولاشنى باشلىۋەتتى. بىر قىسىم ھەسەتخورلار ئۆسەك گەپ تارقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. سىدىق ھاجىم بۇنداق گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، يازلىقى دېھقانچىلىق بىلەن تۆمۈرچىلىكىنى قىلىپ، قىشلىقى خاڭ كولىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بوشاشماستىن 11 يىل ئىشلەپ، 1958 - يىلى سۇنى كۆمۈر قاتلىمىغا يەتكۈزدى. بۇ چاغدا كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەلۇم ئەترىتى بۇ يەرگە كېلىپ، خاڭنى ئۆتكۈزىۋالدى. ھاككاش بوۋاينى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، پىنسىيىگە چىقاردى. سىدىق ھاجىم ھېچنەرسە



تەلەپ قىلمىدى.

ھازىر جاغىستاي يېزىسىدىكى 15 مىڭغا يېقىن خەلق سىدىق ھاجىم ئۆمۈر بويى ھەقسىز چېپىپ قالدۇرغان سىدىق ھاجىم، چوڭ قارىم، كىچىك قارىم، ئاقيار، ئۈكۈرچى، باغ ئېرىق ئۆستەڭلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ تاش ياتقۇزدى. 1974 - يىلدىن باشلاپ قاينۇق ۋە سۇمۇل خەلقى جاغىستاي خەلقى بىلەن بىرلىشىپ يان ئېرىقنى 50 كىلومېتىر ئۇزارتىپ، تاشئۆستەڭ قىلىپ ياسىدى.

پۈتۈن ئۆمرىنى يۇرتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاتىغان سىدىق ھاجىم 1966 - يىلى 77 - يېشىدا ۋاپات بولدى. پۈتۈن يېزا خەلقى مەرھۇمنى ھەر ۋاقىت قاتتىق سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلىشىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق 3 - تۈرمىدىن)

顾　　　问:阿尤甫·铁衣甫
编委会主任:瓦哈甫·阿扎买提
编委会副主任:阿布德海·马吉俄　刘长明　李维青　艾景顺
编委会委员:瓦哈甫·阿扎买提　阿布德海·玛坚
刘长明　李维青　艾景顺　艾尔肯·依布拉音
哈拜·马太　汤一溉　杨乃初　崔书杰　吐哪
吐尔洪·吾买尔
主　　　审:瓦哈甫·阿扎买提
副　　　审:艾景顺

---

主　　　编:吐尔洪·吾买尔
副　主　编:郭晓林
编　　　辑:尚莉　贾孜拉·木哈买提都拉　李云露
责任编辑、校对:吐尔洪·吾买尔　吐尔洪·阿布里孜(特约)

**新疆文史资料选辑**(维吾尔文)(50)
政协新疆维吾尔自治区委员会文史资料和学习委员会编
乌鲁木齐市南湖北路135号邮编:830063

乌鲁木齐新协印务有限公司
乌鲁木齐市新华北路47号邮编:830002

字数:132千字开本:大32开印张:8印张
印数:1～1200册
2008年12月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2008)年第252号
(内部资料免费交流)

